

NEW JADE LITERATURE

# يېڭى قاشتېشى

1997

2

ISSN 1002-9206

خوتەن شەھىرى، خوتەن، لوپ، قاراقاش ناھىيەلىرىدىكى بىر قىسىم ئاپتورلار، سەنئەتكارلار بىرلىكتە 97- يىللىق نورۇز بايرىمىنى خۇشال - خورام تەبرىكلىدى.





رەسىمدە:
ئاپتورلار نورۇزغا بېغىشلانغان شېئىر-
لىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ناخشا ئېيت-
تىپ، ئۇسسۇل ئوينى-
دى. نورۇزنىڭ تارى-
خىنى ئەسلەپ ئەج-
دادلارغا سېغىندى.



# يېڭى قاشتېشى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

2
1997

باش مۇھەررىر : مۇھەممەت چاۋار
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : مەتقاسىم ئابدۇراخمان
تەھرىر ھەيئەتلىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇۋاقى توختى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا مەمتىمىن، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت چاۋار، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، روزى سايىت.

ئون سەككىزىنچى يىل نەشرى
(ئومۇمىي 94 ـ سان)

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرى ئەسەرلەر

قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى ........ ( پوۋېست ) ........ تۇرسۇنجان مۇھەممەت 6
ئۇرايىم گىجىك ........ ( ھېكايە ) ........ مەتسېلىم مەتقاسىم 27
داۋغان ماجىراسى ........ ( 〃 〃 ) ........ گۈلجامال تاشتۆمۈر 44
جاجاڭنى تەگرى بەرسۇن ........ ( 〃 〃 ) ........ ئۆمەرجان توختىروزى 53
ئۈجمە گۈلى ........ ( 〃 〃 ) ........ ئىمىن تۆمۈر 86

## شېئىرلار

ئىككى شېئىر ........ مۇھەممەت چاۋار 1
ئىككى شېئىر ........ ئابدۇلھېكىم مەخسۇم 2
شېئىرلار ........ ئابدۇسالام رىشىت 2
ئاھ، ئوغلۇم ........ روزىمەھەممەت مۇتەللىپ 3
شېئىرلار ........ ئابدۇرېھىم زۇنۇن 4
ئىككى شېئىر ........ ئوبۇلخەيرى ئىمىن (پەرۋىش) 5
باھار توغقان ئىككى شېئىر ........ روزى سايىت 47
شېئىرلار ........ مۇھەممەتتۇرزى ئابدۇقادىر 48
ياشلىق خاتىرەمدىكى مۈگلار ........ مۇھەممەتجان ئىسمايىل (پۈناقى) 49
ئىككى شېئىر ........ مۇنەۋۋەر قۇربان 50
ئىشىكىڭنى ئاستاغىنە ئاچ ........ ئابدۇرىشىت خوجا 50
ئىككى شېئىر ........ مەتتوختى سىبىبەت 51
ئىككى شېئىر ........ تۇرسۇنجان ناسىرى (دېھقانى) 51
ئاخشام يازغان غەزەللەر ........ ئابدۇقادىر مەتسىدىق 80
گۈمىدا ........ ئىدرىس مەتسېيىت (قەدىناس) 82
ۋەتەن كۈيى ........ ئابدۇغېنى سىيىت 83
قەدىرلەيلى بەخت يولىنى ........ ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر 84
ئاشۇ پەنجىرە ........ ئابلىكىم تالىپ 85

## ماقالىلار

شېئىر توغرىسىدا مۇلاھىزە ........ ئەيچىك 75

## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن

«غاپىل» شېئىرلىرى ........ نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتتىمىن تۇردى 94

---

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: دېھقان ھەيكىلى ........
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت، مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئابلىز تاش، قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان.

مۇھەممەت چاۋار

# ئىككى شېئىر

## شائىرلىقىم — سۇلتانلىقىم

ئەلنى دەپ ئالدىم قەلەم، دەپتەرنى مەن،
توسمىغىن يولدىن، سۈزەي گەۋھەرنى مەن.
ئىچكىنىم-ئىچكەن سۈزۈك كەۋسەرنى مەن،
تاپمىدىم مۇندىن بۆلەك سەرۋەرنى مەن.

تەمتىرەپ يۈرسەم گۆدەك دەپ چاغلىما،
پىتنە - ئەڭگىزدىن يۈرەكنى داغلىما.
ئەل - ئانام، ئەل پەيۋەندىگە بارىم پىدا،
شۇندا نەق كۆردۈم قۇياش-ئەختەرنى مەن.

ئاڭلىدىم، دەپسەن مېنى: «ئازغۇن-گاراڭ،
ئەلۋىدا شائىر دېگەن تەتۈر-ساراڭ».
بارمۇ، ئاھ، بۇندىن پۈچەك ئەخمەق پاراڭ،
كۆرمىدىم ھېچيەردە سەندەك «ئەر»نى مەن.

بىلمىمەن، ئەمدى مېنىڭ شائىرلىقىم،
كۆرسەن، ئەل ئىشقىدا ماھىرلىقىم.
كۆيگىنىم ئاتەش - زىيا زاھىرلىقىم،
يازىمەن نەزمەمدە چىن قەيسەرنى مەن.

شۈبھە يوق، نەزمەم ئاۋامنىڭ قولدىشى،
يۇرت-ۋەتەن، سۆيگۈ-ۋاپانىڭ يولدىشى.
تەلۋىلىك، نامەردكە قارشى ھەر ئىشى،
چەنلىدىم دۈشمەنگە تىغ - شەمشەرنى مەن.

مەن مۇدام ئۆلسەم كۈرەش-جەڭدە ئۆلەي،
ۋەتىنىم مېھرىنى تەڭ جەننەت كۆرەي.
ئانا يۇرت تاش-خاكىنى كۆزگە سۈرەي،
قىلمىدىم ھېچيەرگە تەڭ بۇ يەرنى مەن.

مەيلى گاھ سەيياھ ھەرەم، تېھراندا مەن،
ياشەمەي، لوندون، مىسىر ئېھرامىدا مەن.
كېچە - كۈندۈز نائىلى ئىكرامىدا مەن،
نەنىمىش ئۇنتاي خوتەن، قەشقەرنى مەن.

شاھىتىم: شائىر سۆزى - دانىش كۆزى،
نەچچە قات تاغدىن بۈيۈك ئەشئار ئۆزى.
ئۆلسىمۇ شائىر ئۆزى، ئۆلمەس سۆزى،
سۆيىمەن شۇ ئابىدە - مەرمەرنى مەن.

چىدىماق تەستۇر چىدىماسىز ئەھلىگە،
سىغىدۇ ئالەم شائىرنىڭ قەلبىگە.
نەزمىسىز كۆكلەمدۇ تۇرمۇش ئەسلىدە،
خەيرىيەت، قۇچتۇم ئۇلۇغ ئەنۋەرنى مەن.

## ماۋزۇسىز

— «قۇشلار بايرىمى»غا

تاغدا كارۋان تاغ يولىغا ئاتلاندى،
جىلغىلارنىڭ قوينى سالقىن شاماللىق.
ئوڭ ۋە سولدا خادا تاشلىق قىيالار،
ساي ئېتىكى تىكەن باسقان چاتقاللىق.
يالتىرايدۇ چىغىر يوللار ئايىغىدا،
تاغلار گويا ئويغا پاتقان مويسىپىت.
تۈنەپ قالغان ئاي يورىغى چوققىدا،
ساقلىغاندەك يارغا تەنھا ياش يىگىت.
يېيىلماقتا كائىناتقا ئاق يورۇق،
ئۈچىشىدۇ جىرا بويلاپ كەكلىكلەر.
ياۋا كەپتەر گۈكۈلدايدۇ چېقىندا،
قۇچاق ئاچقان تورغايلارغا كەڭلىكلەر.
ئۇۋا تاشلاپ چاتقاللىقتا تىۋىشتىن،
قاچار ئۈركۈپ قۇشلار چەتكە يۇلقۇنۇپ.
غۇژمەك - غۇژمەك چاڭگىلاردا تۇخۇملار،
چەيلىنىدۇ توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ.

يول يۈرگەنلەر ئۇزارماقتا سەپەردە،
چىقماس بىراق قۇش ئۇۋىسىدىن سادالار.
ئانا قۇشلار يۈرەر كۆكتە ئايلىنىپ،
ئاڭلىنىدۇ بوغۇق - بوغۇق ناۋالار.

مەن بىلىمەن قۇشسىز ئۆلۈك تەبىئەت،
چەيلەنمىسۇن ئاياغلاردا ھاياتلىق.
ئاۋايلاڭلار، چاتقاللىقتىن ئۆتكەندە،
تىرىكلىكتىن كېلەر ئېزگۈ - نىجاتلىق.

1994 - يىل خوتەن

ئابدۇلھېكىم مەخسۇم

# ئىككى شېئىر

## لالە لەۋلەر قانار بولسا ئەگەردە

دوزىخىڭغا باغلىدىڭمۇ دىلبەرىم،
ئەقىدەمنىڭ ئىزگىنىنى بىلمىدىم.
لىرىكامغا سىڭىپ كەتتىڭ تۈنلەردە،
كۈلۈپقىنە چۈشلىرىڭگە كىرمىدىم.

دوزىخىڭنى شەرت قىلدىڭمۇ دىلبەرىم،
شادلىق پەيتى جۈپ يۈرەككە ۋىسالىنى.
كىرەي دېسەم چىمەنلەرگە، باغلارغا،
تارتىپ كېتەر قوقاسلىرىڭ خىيالىنى.

دوزىخىڭغا سالدۇردۇڭمۇ دىلبەرىم،
پىنھان بولسۇن ياتلاردىن دەپ شاھ قەسىر.
لالە لەۋلەر قانار بولسا ئەگەردە،
ئەقىدەم بار ساقلاش ئۈچۈن بىر ئەسىر.

## بىر كۆزۈم ئايدىدۇر، بىر كۆزۈم كۈندە

1

مۇڭ باسقان كېچىدە مۇڭلانما دىلبەر،
يۈرىكىڭ قېتىغا سىڭسۇن ئەقىدەم.
قۇياشقا تەلمۈرمە، قۇياشسەن ئۆزۈڭ،
ئارمانلار سامادا قۇرسۇن بىر ھەرەم.

قاينىسۇن كۆزۈڭدىن مېھرىلىك قاينام،
ئېرىشسۇن ياشلىققا مۇھەببەتتىن چال.
ياشىسۇن جۈپ يۈرەك ئىچىدىن كۆكلەم،
بولايلى ئىككىمىز تۈنلەرگە ھىلال.

2

ھەر تۈنۈڭ يورۇسا قۇياش بەھرىدىن،
تۇرمىغىن ھىجراننى يۇتۇپ سەھەردە.
جۈپ يۈرەك دوزاختا ئۇچراشسا ھەتتا،
تەخىرسىز شۇ جاينى «بىزنىڭشەھەر»دە.

بىرىككەن بىر تىنىق ئالەمدۇر گويا،
ۋىساللار كۆي تۆكسۇن پەرىشتە ئۈندە.
سۆيگۈگە تويۇنغاچ كېچە ۋە كۈندۈز،
بىر كۆزۈم ئايدىدۇر، بىر كۆزۈم كۈندە.

ئابدۇسالام رىشىت

# شېئىرلار

## ئېغىرلىق

خاموش ئاقار دەريا نېمىشكە،
مەستقايتىمۇ بولاقلىرىدىن.
دولقۇنلىماق كەلدىمۇ تەسكە،
شاۋقۇن كەلمەس قىرغاقلىرىدىن.

نۇرلىرىنى سىلكىيدۇ قۇياش،
كېچە ھىلال ھارغىن شۇ قەدەر.
گۈل بەرگىدە يالتىرىمايدۇ ياش،
نەغمىسى يوق قۇشنىڭ بۇ سەھەر.

قارچۇقلاردا تۇمانلىق پەردە،
ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان دۇنيا.

كۆرۈنمەسلىك ھەممىلا يەردە،
ھەممە نەرسە ناتونۇش گويا.

مەسۇم ئۈمىد ئۈزۈلدى پەقەت،
تەسەللىگە گاداي قۇت تىلەك.
چىرايلاردا ناخۇش بىر سۈرەت،
ئازاب يۇتۇپ يۇلقىنار يۈرەك.

### ئەپۇ

ساقا خوش دەپ بار ئازابىنى ئۆزۈم تارتتىم،
دەردلىرىمنى ھېچكىشىگە تۆكەلمەستىن.
گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم تاپتىم،
رىئاللىقنى ساقا ئېچىپ بېرەلمەستىن.
ئىشەنچەمنى تاشلاپ كەتتىڭ بىلمەي تېخى
قارىمىدىڭ ماقا ئەپسۇس رەنجىپ تالاي.
كۆزلىرىڭگە بىر ئۇلارمۇ باققان چېغى،
بۇنداق چاغدا ئەپۇلارنى قانداق تاقاي.
بۇلاقلارنى كۆزلىرىمگە كۆچۈردۈم،
يۈرىكىمگۇ سەن بىلەنلا كەتكەن ئەسلى.
چىن بەختنى بىر سېنىڭدىن ئۆچۈردۈم،
سېنىڭ كۆلكەڭ ھاياتىمنىڭ ھەمەۋەسلى.

### ساقا بەخت ئىزدىسەممۇ

ئارتقۇزغۇم يوق بىر ئۇلارغا سېنى ئەسلا،
تۇنجى ئوتنى يۈرىكىمگە ئۆزۈڭ ئاتقان.
چۈشۈمدىمۇ ياخشىلىق كۆپ بىر ساقىلا،
خىيالۋەتتىكى بۇلاق سۆيگۈم ئوقچۇپ ئاققان.

مىڭ جاپادا ساقا بەخت ئىزدىسەممۇ،
رەنجىشىڭ بار كۆزلىرىڭدە كۆلۈپ ياتقان.
ئىشەنچەڭ ئاز نەقەدەر مېنى سۆزلىسەممۇ،
مۇھەببەتكە ئېغىر بۇنچە دەردنى ئارتقان.

### ئۆتۈنۈش

كۆز ياشلارنى مەنسىتمىگەن ئاشۇ ۋىسال،
سۆيگۈ ئۈچۈن قەرز تۆلەپ كەلدى بۈگۈن.
قىسمەتلەرنى ئەپۇلارغا تۇتتى ئامال،
بىراق يەنە يېشىلمىدى قىرتاق تۈگۈن.

رىت قىلالماي رەنجىشىڭنىڭ شارابىنى،
غۇرۇرۇمدىن قېچىپ يۈرۈپ ياشىدىم مەست.
ئالالمىدىم ئەپسۇس ۋاپا ساۋابىنى،
بولدى سۆيۈش چۈشۈمدىمۇ شۇنچىلا تەس.

روزىمەھەممەت مۇتەللىپ

## ئاھ، ئوغلۇم

(ئانا تىلىدىن)

ئۆيگە كىرسەڭ بېشىڭ تۆۋەن، كۆزۈڭ ياش،
نەگە كەتتى بۇرۇنقىدەك يۈرۈشۈڭ؟
قەددىڭ يادەك ئېگىلمەكتە تۇرۇپ ياش،
قېنى ئەمدى ئاشۇ خۇشال كۈلۈشۈڭ؟
تاڭ ئاتقۇچە كۈتسەم سېنى ئېتىپ ئاش،
كۆپەيمەكتە بىراق سىرتتا تونۇشۇڭ.
سۆزۈڭمۇ يوق چىشلىگەندەك شېغىل تاش،
نەدە قالدى ماقا كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ؟
كېيىملىرىڭ قالايمىقان... ئەمەس شاش،
ئەجەب بىر ھال مەندىن بېزىپ كۆنۈشۈڭ.
پۇللادەيسەن... بولدى ئاخىرسىرىڭ پاش،
ئاھ، بۇ ئىكەن تۈن قوينىدا ئۆزۈشۈڭ!

× ×

يۈرىكىمدىن ئۈنسىز پىغان ئۆرلەيدۇ،
چىدارىم يوق كۆز يېشىڭنى كۆرۈشكە.
قايسى ئانا ئۆز ئوغلىنى سۆيمەيدۇ؟
ئېيت، بۇيولغا كىرىپ قالدىڭ نېمىشكە؟
ئاق ئالۋاستى ئىنسانلارغا كۆنمەيدۇ،
كىممۇ رازى ناھەق قۇربان بېرىشكە؟
ھەممە ئادەم شاد - خۇراملىق ئىزدەيدۇ،
سەنمۇ ئوغلۇم يارالمىغان چىرىشكە.
بوران- چاپقۇن داغسىز ئىزنى كۆممەيدۇ،
بار ئىدىڭمۇ بۇنى ئەقلىڭ بىلىشكە.

ھايات بېغىنىڭ يىغلاپقا نداق كۆكلەيدۇ،
نەگە باراي كۆزيېشىمنى تېرىشكە؟!!...

جېنىم ئوغلۇم نېمە بولدۇڭ دېگىنە،
نىما نچىلا ئولتۇردىسەن ئۈن-تىنسىز؟
ئاماق ئەتتىم ئاھ، بىر قوشۇق يېگىنە،
تەقدىر ئۈچۈن خوجا يىنغۇ ئۆزىمىز!

× ×

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

# شېئىرلار

## ئانامغا

ئىلغا ئالسام نامىڭنى ھەر ئان،
تولار قەلبىم چەكسىز ھۇزۇرغا.
چېچەك ئاچار قەلبىمدە گۈلخان،
كۆمۈپ مېنى ئىلاھى نۇرغا...

جېنىم ئانا، ئۇلۇغ رەھنەما،
قەدىرلەيمەن سەن-سەن جېنىمنى.
سۆيۈپ قويساڭ بىرنى ناۋادا،
باسالمايمەن ھاياجىنىمنى...

سەن ئاق كۆڭۈل خالىس پەرىشتە،
تۆكتۈڭ پۈتكۈل مېھرىڭنى ماڭا.
باستى يول- يول بۈدۈر قورۇقلار،
ئالىمدەك ئۈز چېھرىڭنى، ئانا.

سەن مېنىڭچۈن گويا ئانا قۇش،
مەن باچكاڭغا تەقدىم بارلىقىڭ.
ھەر بىر سۆزۈڭ خانىڭ يارلىقى،
تومۇرۇمدا ئاقار ئاق سۈتۈڭ ...

## شەپەرەڭگە ياقمىدى بۇ ھال

ئۈزۈپ چىقتى كۆككە ئاي پەرى،
كائىناتقا تال- تال نۇر چېچىپ.
ئاھۇ كۆزلۈك بۇلاقلار بۇدەم،
كۈلدى ئاڭا باغرىنى ئېچىپ...

ئاي تاشلاندى كۈمۈش بۇلاققا،
ئاق بېلىقتەك ئۈزۈپ ئۈينىدى.
يىگىنە چۈشسە بولۇر تاپقىلى،
ئالەم سۈتتەك ئاپئاق چاقنىدى.

نۇرغا تولدى كائىنات شۇنداق،
شەپەرەڭگە ياقمىدى بۇ ھال.
ئۇ، تاملارغا ئۇردى ئۆزىنى،
ئاي نۇر تۆكۈپ قىلغاچقا ئۇۋال.

## جامالىڭدا رەڭ ئېچىپتۇ گۈل

قاشتېشىدەك سۈزۈك چىرايىڭ،
يۈرىكىمدىن بۇلدۇقلاتتى ياش.
يورۇڭقاشتەك چايقىلىپ كۆكسۈڭ،
قىلدۇردى بار سىر، ئىشقىمنى پاش:

ئۇپۇقتىكى زەر قۇياشمۇ سەن،
خوتەن قىزى، يېڭى بالقىغان؟
يۈزلىرىڭگە زەر نۇر چېچىلدى،
باققىنىمدا گۈل مەڭزىڭ تامان.

تەپچىپ ئانار رەڭگى لېۋىڭدە،
جامالىڭدا رەڭ ئېچىپتۇ گۈل.
كۆزلىرىڭدە شەپەق جۇلاسى،
گۈلگۈن رەڭگە چىلاندى كۆڭۈل.

كىرگىنىڭدە گۈللەر ئارىلاپ،
گۈلدىن پەرق ئەتمەك بولدى تەس.
گۈل تۇغقانمۇ سېنى، گۈلنى سەن؟
بولۇپ قالدىم مەيسىز غەرق مەست.

ئۆرۈم- ئۆرۈم چېچەك چىرمىشىپ،
دىلنى يېپىسىز بوغۇپ، تولىدى.
قارىقىڭدىن يامرىسا بىر كۈن،
جۈپ قىلىچىڭ كوڭلۈم ئوۋلىدى.

يۈزتۇرانە ئېغىز ئاچالماي،
مەكتۇپ سۇندۇم سەھەر سابادىن.
باغرى چاك - چاك بۇلبۇل ناۋاسى،
ئەجەب ئەمەس يەتسە سامادىن!

## بۇلاق ۋە ئادەم

يول تېپىپ، كۆز ئاچار ئالەمگە بۇلاق،
توسالغۇ بولالماس ئاڭا تاش-تۇپراق،
تاپالماس يولنى بەزىدە ئادەم،
گەر تاپسا ئۆتەتتى تۇرمۇشى قوۋناق.

## چوقۇم

كەلدىم دۇنياغا كېتىمەن چوقۇم،
تەر تۆكۈپ مەنزىلگە يېتىمەن چوقۇم.
ئەل-يۇرتقا بېغىشلاپ بارلىقىمنى مەن،
چۆللەرنى گۈلىستان ئېتىمەنچوقۇم.

## تاتلىق ۋە ئاچچىق

يۈزدە يۈزىمىڭ تەنازدا چېچەك،
چېكەر ئازاب ۋىجدان ۋە يۈرەك.
شۇنداق قىزىق دۇنيانىڭ ئىشى:
تاتلىق بىلەن ئاچچىق قوشكېزەك.

ئوبۇلخەيرى ئىمىن (پەرۋىش)

# ئىككى شېئىر

## يىخىسىقىنىڭ غايىسى

كەلسە ياتلار گەر بوسۇغامغا،
مىخ سانجىلىپ كېتەر چوقامغا.
يۈرىكىم قارت قىلار قۇش قونسا،
چەللەمدىكى ئاتىسىز توقامغا.

بىراۋتۆكرۈك يۇتسا كوچىدا،
سەپسالىمەن كۆزنىڭ ئۇچىدا.
چۈشسە ھەتتا سايىلغا سايەم،
بوپ قالىدۇ كۆڭلۈم غۇچچىدا.

مەن ئاشۇنداق ئاجايىپ ئادەم،
باشقىلاردىن غالىبراق غايەم.
مەن بىراۋغا، ماڭا بىراۋ ھەم،
يېلىنمىسا دەيمەن توي-ئايەم.

## خىلۋەتتىكى كۆي

ئاي يۈزىدە ئۈيۈپ قالغان داغ،
يۇلتۇزلارنى قاپلىغان تۇمان.
كائىناتتا قاتىراپ گۆكۈم،
ئويغاق ئېقىن سالماقتا چۇقان.

قۇشلار ئەسىر شېرىن ئۇيقۇغا،
تال - چىۋىقلار تەۋرەر سەۋرىسىز.
قامغاقلارنى پەپىلەر شامال،
قالغاچ شېھىت دەشتتە قەۋرىسىز.

قىرغاققا جەم ئاشىق - مەشۇقلار،
ناخشا ئېيتار تۈنبويى مەستخۇش.
قارلىقچوققا خەۋەرسىز، ئەمما،
تولغانماقتا دولقۇنلار بىھوش.

جىمجىتلىقى بۇزۇلسا تۈنىنىڭ،
تەلۋىلىكى دېمەك خىلۋەتنىڭ.
بۇ ئۈزۈلمەس ئىشقى كۆي بەلكىم،
شاھىتىدۇر ئاچچىق قىسمەتنىڭ.

تۇرسۇنجان مۇھەممەت


# قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى

(پوۋېست)



(بېشى ئالدىنقى ساندا)

يېزا دېگەن شۇنداق يەر، مەيىن شامال مايسىلارنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ. قاتتىق بوران دەل - دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ بالىلارچە ساددىلىق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. دېھقان دېگەنمۇ پىلە قۇرتىدەك يۇمشاق، قەلبى دەريادەك كەڭ، ھەممە دەرد-ئەلەملىرى خۇددى سۇغا چۈشكەن تاشتەكلا قەلبىنىڭ ئاشۇ كەڭلىكلىرىگە چۆكۈپلا كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ غەزىپى كەلگەندە بەئەينى يىرتقۇچ بۆرىنىڭ نەق ئۆزىگە ئايلىنىدۇ. ئۆزىگە خىرىس قىلغان ھەممە نەرسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايدۇ. پەقەت ئۆزىگە، ئۆز كۈچىگە ئىشەنگەن خەلقنىڭلا قولىدىن بۇ ئىشلار ئەلۋەتتە كېلىدۇ.



تۇمشۇقكۆل كەنتىدە، توختى نۇرنىڭ ئائىلىسىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلار ئەتىسى پۈتكۈل قۇمباغنى تىترىتىۋەتتى.

غەلەمەتشاھ ھەقـقىدىكى ھېكايىلەر
خۇددى دومىلاپ كېتىپ بارغان قارپومـ
ىكىدەك بارغانسېرى ئاۋۇپ، ھەممەيـ
لەننىڭ پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى. غەـ
زەپلەنگەن قۇمباغلىقلار شاۋقۇنلىرى،
نەرە تارتقان بوران كۆچەيدى. ھەپتىگە
قالماي پۈتكۈل ناھىيە تەۋەسىدە غەلەـ
مەتشاھنىڭ قىلىقلىرى سۆز ـ چۆچەككە
ئايلىنىپ زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئادەمـ
دىن ئادەت قاچسا كەلگۈلۈك دېگەن ئۈـ
زۈلمەس سۇ دولقۇنلىرىدەك ئۈستى ـ ئۈسـ
تىلەپ كېلىۋېرىدىكەن. بىر چارشەنبە
كۈنى ، قۇمباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىـ
تى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
دەرۋازىسىغا بىر قەلەمدە يېزىلغان ئىكـ
كى پارچە چوڭ خەتلىك ئەرز بىرلا ۋاـ
قىتتا چاپلاندى. غەلەمەتشاھ ئۈچۈن قىـ
يامەت قايىم بولغانىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قۇمباغدا
غەلەمەتشاھ ھۆكۈمرانلىقى غۇلاپ چۈشـ
تى. خۇددى قارا بوران يىلتىزى چوڭـ
قۇر بىر توپ دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلىـ
غاندەك، خەلقنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى
ئارىلاشقان بوران ئاخىرى بۇ دەرەخنى
يىقىتتى. شۇ ئىشلار بولۇپ بىر يىلدىن
كېيىن، ھېچقانداق خىزمەت بېرىلمەي
ئېسىپ قويۇلغان غەلەمەتشاھ
جالالىباينىڭ كۆلىگە مەسئۇل
قىلىپ تەيىنلەندى. خۇددى دەرەخ يىـ
قىلسا، تۇپراق تېگىدە قالغان قايسى
دۇر بىر يىلتىزى قايتىدىن كۆكلىگەنـ
دەك، بۇ خىزمەتمۇ ئۇنىڭ ناھىيىدە
سۇلتان غازى ھاكىمدەك بىر يىلتىزىـ
نىڭ بارلىقىدىن قولغا كەلگەنىدى...

— سۇلتان غازى ھاكىم دېگەن تۇز
ساقلايدىغان ئادەم، ـ دەپ ئويلىدى غەـ
لەمەتشاھ سۆگەت يىلتىزى ئۈستىدىن

تۇردۇېتىپ، ـ بۇ كىشىگە قانچىلىك قىلىـ
سام ئەرزىيدۇ.

9

كەچ كىردى. جەنۇب تەرەپتىن كەلـ
گەن مەيىن شامال توغاننىڭ يان بەلـ
لىرىدىكى جىگدە، ئاكا تسىيە دەرەخلىرىـ
نىڭ يۇمران شاخچىلىرىنى لىڭشىتىپ ئويـ
نايتتى. ئىشلەمچىلەر جىددى ئۆتكەن
بىر كۈنلۈك جاپالىق ئەمگەكتىن تالـ
چىققان، سىرقىراپ ئاغرىپ كەتكەن بەلـ
لىرىنى رۇسلىيالمىغان ھالدا
چېدىرلىرىغا قاراپ يول ئالغانىـ
دى. تۈزلەڭلىكلەرگە تىكىلگەن چېدىرلار
گۆگۈم قويىنىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى.
توغان بىلەن چېدىر ئارىلىقىدىكى بوش
يەردە يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك تەقۋادار
كىشى سەپ تارتىپ شام نامىزىنى ئۆـ
تەشكە باشلىغانىدى. مەزىن بولغۇـ
چىنىڭ نەي ئاۋازىدەك مۇڭلۇق، نۇرـ
غۇن كۈلپەتلەرنى تارتقان مەشۇقەنىڭ
ھەسرەتلىك تىنىقلىرىدەك مىسكىن قىـ
رائەت ئاۋازى قىستاپ كېلىۋاتقان زۇلمەت
بىلەن قوشۇلۇپ ئادەمنى ھەسرەت قوينىـ
غا تاشلايتتى. ھايات بىلەن مامات ھەقـ
قىدە ئويلاشقا، جەننەت بىلەن دوزاخ
ھەققىدە پىكىر قىلىشقا ئۈندەيتتى. نېـ
مىشقىكىن، سۇلايمان بۈگۈن ئۆزىنى
زادىلا كونترول قىلالمىدى. يەلكىنى
يىرتىلىپ كەتكەن كېمىدەك يۆنىلىشىنى
پەقەتلا باشقۇرالمىدى. نەگىلا قارىمىـ
سۇن ئەخمەتنىڭ بويىنىغا يىلاندەك
چىرماشقان زەربىنىسانىڭ قوللىرى، ئۆـ
زىنىڭ كۆزىچە سۆيگىنى كۆز ئالدىدىن
بىر مىنۇتمۇ نېرى بارمىدى. ھە دېسە
زەربىنىسانىڭ ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز قۇـ
يۇپ ئەخمەتنى سۆيگەن چاغدىكى ئانا
قۇچىقىدىكى بوۋاقتەك خاتىرجەم تۇرقى

كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى قىيناپتى. «ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ نېمىشقا ھەدېسە زەربىنىسا بۈگۈن مېنىڭ خىيال قۇشلىرىمنىڭ قانىتىنى بوغۇشلايدىغاندۇ؟ زەربىنىسا كىم، مەن كىم؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىئارام بولىمەن؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلغىنىدا ئۇ بىرنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ تىترەپ كەتتى، ئەجەبا مەن ئۇنى ياخشى كۆرەمدىغاندىمەن؟ ئاھ خۇدا، بۇ مۇمكىنمۇ؟ زەربىنىسا ھەقىقەتەن چىدامىلىق ئايال. مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنى قوغلىشىپ نۇرغۇن ۋاقىتنى سەرپ قىلىۋېتىپتىمەن. ھەر قانچە يېلىنىپ يالۋۇرۇپمۇ، ھەيۋە قىلىپمۇ، ئىشنىڭ ئەڭ قاتتىقلىرى بىلەن جازالاپمۇ ئۇنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇرالمىدىم. ئەكسىچە ئۇ ھەممىدە مېنى مات قىلىپ ئۆزىنىڭ غالىبلىقىنى نامايىش قىلدى. مەن قانچە قاتتىقلىق قىلغانسېرى ئارىمىزدىكى ھاڭ شۇنچە كەڭىيىپ باردى. مانا، ئەخمەت دېگەن ھارامزادە دەل ئوتتۇرىدىن چىقىپ ھېچ كۈچىمەيلا ئۇنىڭغا ئېرىشىۋېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئويلىغانسېرى ئۇنى ئاچچىق تۇتۇپ، ئىچ-باغرى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى. زەربىنىسانىڭ ئېغىر ئەمگەكلەر ۋە خورلۇق ئازابى تامامەن يوق قىلىۋېتەلمىگەن گۈزەل رۇخسارى سۇلايماننىڭ كۆز ئالدىدا بارغانسېرى روشەنلىشىشكە باشلىدى.

— ئاھ، بۇ مۇمكىنمۇ؟ راستىلا مۇمكىنمۇ؟

سۇلايمان ئاخىرى چۈشەندى. قەلبىدە زەربىنىساخانغا نىسبەتەن، ئەڭ ھۆرمەتلىك بىر ئورۇن بار ئىكەن، ئەمەس-مۇ؟ ئۇ بۇنى نېمىشقا بۇرۇنراق ھېس قىلمىدىكىنە؟ ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئەمما ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەن ئاشۇ تۇيغۇ ئۈچۈن شامالغا قاراپ تۈكۈرگەندەك بىمەنە ئۇرۇنۇشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇ تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلدى.

سۇلايمان ئارقا-ئارقىدىن ئالغان ئۈچ خوتۇنى بىلەن زادىلا ئەپ ئۆتەلمىدى. ئۇلار بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن تۆتىنچى قېتىم ئۆيلىنىشكە ئالدىرىمىدى. ئالغان ئۈچ خوتۇنىنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنمىگىنى بىكار ئەمەسكەندە! قايتا ئۆيلىنىش خىيالىدا بولمىغانلىقى ئۇنىڭ زەربىنىساخان ئۈچۈن پۇرسەت كۈتكىنىمىدىكىنە؟ لېكىن ئۇ پۇرسەتلەر نەگە كەتتى؟ زەربىنىسا شۇتاپ ئۇنى بەكمۇ يامان كۆرىدۇ. ھە دېسە زەھەردەك سۆزلىرى بىلەن نەشتىرىنى سانجىۋالىدۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزىچە ئەخمەتنى سۆيدى. تېخى خىجىل بولماستىن: «يەنە بىر قېتىم كۆرەمسىز؟» دەپ سورىدى. دېمەك ئۇ سۇلايماننى ئۆلگىدەك ئۆچ كۆرىدۇ، شۇ ھالدا ئۇنىڭدىن مۇھەببەت كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟ ئەمما سۇلايمان ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىسە بىر ئۆمۈر ئازابلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

« قانداقلا بولمىسۇن، بۈگۈنلا زەربىنىسا بىلەن تەپسىلىي سۆزلىشىپ كۆرەي، — دەپ ئويلىدى سۇلايمان، — رەت قىلمىسا تەلىيىم، ناۋادا مېنى رەت قىلىۋەتسە ئۇنى پېشانەمدىن كۆرەرمەن.»

ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئاياللار چېدىرى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— زەربىنىساخاننى ئىزدەملا سۇلايمان ئاخۇن؟ — دېدى قاش-كۆزلىرى تۆ-

كۆلۈپ تۇرغان بىر ئايال ئۇنىڭ بېقى-
نىنى چىمدىپ قويۇپ، - ھازىرقى ئەر-
لەرگە نېمە بولغاندۇ؟ ھەممىسى چەك
تارتقاندەكلا «زەربىنىسا، زەربىنىسا»
دەپ كېلىشىدىغۇ. بىلىپ قويسىلا، بىز-
نىڭمۇ زەربىنىسادىن قېلىشقۇچىلىكىمىز
يوق جۇمۇ.

— سىلىنى ئىزدەيدىغانلار ھازىر
كەلمەكچى - دېدى سۇلايمان تەنە ئا-
رىلاش، - قېنى ئېيتسىلا، زەربىنىساخان
نەگە كەتتى؟

— ھېلىراقتا توغاننىڭ تۈۋىدە ئەخ-
مەت بىلەن قولاق ئۇرۇشۇپ تۇراتتى.
توغاننىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئاي سەيلى-
سى قىلغىلى كېتىشتىمىكىن؟

سۇلايماننىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك
بولدى.

— يەنە شۇ ئەخمەت، - دەپ ئويلىدى
ئۇ، - ھۇ يېتىم ئوغلاق، زەربىنىسانى
بەك بالدۇر چۈشەپ قاپسەن، خىيال
ئەيلىمە، ساڭا قىز تارتقۇزۇپ قويىدى-
غان سۇلايمان بۇ دۇنياغا تېخى تۆرەل-
مىدى. ماڭا ئاقساقاللىق قىلىپ، قىز
تالاشقىنىڭنىڭ ھېسابىنى ئالماي قوي-
مايمەن.

ئۇ غەزەپ بىلەن گۈس - گۈس دەس-
سەپ توغاننىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە،
ئاياغ تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەتراپقا تولۇق قاراڭغۇ چۈشتى.
زېمىن ئاي قاراڭغۇسىغا پاتقان بولۇپ،
يىراق - يىراقتىن ھوقۇشنىڭ بوغۇق
ئاۋازدا سايرىغان، پاقىلارنىڭ كۇركى-
راشقان، چېكەتكىلەرنىڭ ئۈزۈلمەس
سىمفونىيىدەك بىر خىل ئاۋازدا چى-
رىلدىغان، ئاللىقانداق كېچە قۇشلىرى-
نىڭ پالاقلىغان ساداسى كېچە قوينى-
نىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. توغراق

سۇ ئامېرى يايلاقتىن قايتىپ كېلىپ
كۆشەپ ياتقان قوي پادىسىدەك سۆكۈت-
كە چۆمگەنىدى. يېڭىلا توپا تۆكۈلگەن
توغان قاراڭغۇلۇقتا سوزۇلۇپ ياتاتتى.
سۇلايمان توغان ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن
ماڭدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئوي - خىيالى
زەربىنىسادا قالغانىدى. ئۇ ئالدى تە-
رەپنى مولجالاپ قەدەمنى چوڭ - چوڭ
تاشلايتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئالدىراش
كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپتىكى بىر تۈپ
جىگدە تۈۋىدە يانمۇ - يان ئولتۇرغان
ئىككى گەۋدىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار
پەس ئاۋازدا پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— سىزگە ئېچىنىمەن زەربىنىسا، -
بۇ ئەخمەتنىڭ ئاۋازى ئىدى، - سىز
ئەسلى بۇنداق بىتەلەي بولۇپ قال-
ماسلىقىڭىز، خۇدا ياراتقان ھەر بىر
ئىنسان، جۈملىدىن ھەر بىر قىز ئېرى-
شىشكە تېگىشلىك ئائىلىگە، بېشىڭىزنى
سىلايدىغان ياخشى ئەرگە ئېرىشى-
شىڭىز كېرەك ئىدى. ئەمما سىز جا-
لالباينىڭ قىزى بولغىنىڭىز ئۈچۈن
بىزلەر قانداقتۇر مەقسەتلەر تۈپەيلى
بۇ ھوقۇقىڭىزنى تارتىۋالدۇق. بىزنىڭ
سىلەرگە ھېچقاچان رەھمىمىز كەلمىدى.
قىلغان - ئەتكەنلىرىمىزدىن يۈزىمىز-
مۇ قىزارمىدى.

— مەيلى، بېشىمغا قانداق كۈلپەتلەر
كېلىشىدىن قەتئىينەزەر مەن جالالباي-
نىڭ قىزى بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن، -
زەربىنىسانىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، -
مەن ھېچقاچان بۇ ئائىلىدە تۇغۇلغى-
نىمدىن پۇشايمان قىلىپ باقمىدىم.
مېنىڭ قەلبىمدە ئاتا - ئانام-
نىڭ مۇقەددەس ھەيكىلى بار. ھەرقان-
داق تەتۈر شامال، مۇدھىش قۇيۇنلار-
مۇ ئۇنى ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ. بۇنىڭغا چەك-

سىز كەتكەن نەچچە مىڭ مولـۇق شالـلىق زېمىن، سۇيى ئۆكسىمەيدىغان ئاشۇ كۆل گۇۋاھ، مەن ئاشۇلارغا ھەربىر قارىغىنىمدا تومۇرۇمدىكى قانلارنىڭ شاۋقۇنلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئادەم ئۆز ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگۈچىدۇر. بىزگە يامانلىق قىلغانلارنى پەرۋەردىگار كەچۈرەر.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.

— مېنى ياردىتامسىز؟ — دېدى ئەخمەت بوغۇق ئاۋازدا، — ھەقىقىي يۈرەك سۆزىڭىزنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن بىر ئاڭلىغۇم بار زەربىنىسا. كىچىكىمدىن سىزنى ياقتۇراتتىم، لېكىن پېشانەمدىن سۆيىدىغان ئاتا ـ ئانام بالدۇرلا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىۋېلىپ مېنى قارايېتىم قىلىپ قويدى. يېتىم دېگەننىڭ سۆزى ئېشەكنىڭ ئوسۇرىقچىلىك كۈچلۈك بولمايدىكەن. شۇڭا سىزگە ئېغىز ئېچىشتىن قورقاتتىم. ئەمدى يەنە دېمىسەم ئۆزۈمنى-ئۆزۈم قەپەزگە سولاپ قويغانىدەك، ئادەمزاتسىز چۆلگە تاشلىۋەتكەنىدەك بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن. مەيلى، دىلىم كۆيگۈچە تىلىم كۆيسۇن، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم سىزنى ياخشى كۆرىمەن زەربىنىسا، ماڭا تېگىشنى خالامسىز؟ سىزگە ۋەدە بېرىمەن جېنىم، قالغان ئۆمرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۆتكۈزىمىز.

— ...

— گەپ قىلىڭا زەربىنىسا، — يېلىندى ئەخمەت، — ئەگەر مېنى ياقتۇرمىسىڭىز ئوچۇقلا «ياق» دېسىڭىزمۇ مەيلى، سىزدىن رەنجىشىم يوق، پېشانەمدىن كۆرىمەن.

— ئۇنداق دېمىسەمچۇ؟

— راستما؟ — ئەخمەت ھاياجاندىن تىترەپ زەربىنىسانىڭ قولىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى.

— ئەخمەق، سىزگە «ياق» دەيدىغان يەردە بولسا، كېچىدە سىز بىلەن بۇ يەردە ماڭا نېمە بار؟ كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى زەربىنىسا ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ.

بۇ جاۋابتىن سۇلايماننىڭ قۇلاق تۈۋىدە بومبا پارتلىغانىدەك گۈمبۈرلىگەن بىر دەھشەتلىك ئاۋاز ياڭرىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي مەڭدەپ بىر ئاز تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئېسىنى يىغىپ ئۇلار تەرەپكە يېقىنلاپ باردى. ئەخمەت بىلەن زەربىنىسا ھەشقىپېچەك گۈلىدەك چىرمىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەخمەت چۆلدە ئۇسسۇزلۇقدەستىدىن جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان ئادەم بىر قاپاق سۇ تېپىۋالغانىدەك ئاچكۆزلۈك بىلەن زەربىنىسانى سۆيۈۋاتاتتى. زەربىنىسامۇ دەلشۇنى كۈتكەنىدەك گۇڭۇرلاپ بىر نېمىلەرنى دېگىنىچە نازلىق ئىڭرايتتى، ئەخمەتنى ئەركىلىتەتتى.

ئاھ خۇدا، ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرىنى بىراۋنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمىدۇ جاھاندا؟ بۇ زەربىگە سۇلايمان ئەمدى چىدىمايلا قالدى.

— ئۆ ـ ھۆ، ـ يەنە قاراپ تۇرۇشقا تاقىتى قالمىغان سۇلايمان قىسقا يۆتەلدى.

— كىم؟ — ئەخمەت سۆيۈشتىن توختاپ ئەتراپقا قارىدى. زەربىنىسامۇ سۈتكە تويمىغان كىچىك بالىدەك قىيالمىغان ھالدا ئەخمەتنى قويۇۋەتتى ـ دە، ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىرسىنى كۆردى.

— پاھ، ئەترەت باشلىقىكەنغۇ،-دېدى
ئەخمەت مەسخىرە ئارىلاش،- توغانىنىڭ
سۆپىتىنى تەكشۈرۈشكە چىقىپسىز-دە!

— زەربىنىسانى ئىزدەپ كېلىۋىدىم،-
سۈلايمان يوشۇرماستىن كۆڭلىدىكىنى
ئېيتتى.

— مەندە نېمە ئىشىڭىز بار ئەترەت
باشلىقى؟- زەربىنىسا ئۇنىڭغا قاتتىق
تەگدى،- سىز بەرگەن قىممەتلىك ۋە-
زىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىۋەتتىم، ھەر
قانچە قىلسىڭىزمۇ مەندىن قۇسۇر تا-
پالمايسىز.

— ياق، ياق، ئۇ ئىش ئەمەس،-سۈ-
لايمان ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باش-
لىدى،- سىزنىڭ ئىشلارنى قۇسۇر چىق-
مايدىغان قىلىشىڭىزغا مەن ئىشىنىمەن.
ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى سەۋەب،
سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گەپ بار
ئىدى.

— ئۇ ئاڭلاشقا تېگىشلىك مۇھىم
گەپنى ھازىرلا ئاڭلاپ بولدى،- دېدى
ئەخمەت مەغرۇر ھالدا،- ئەمدى ھۆر-
مەتكە سازاۋەر ئەترەت باشلىقىمىز جا-
نابى سۈلايماننىڭ بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل
بۆلمىگىنى تۈزۈك.

— ياق، ئۇ پەقەت سېنىڭكىنىلا ئاڭ-
لىدى،- سۈلايمان چىشلىرىنى غۇچۇر-
لاتقىنىچە ئەخمەتكە ھۆرپەيدى،- سەن
قوشۇق سالماي بىردەم جىم تۇر. زەر-
بىنىسا مېنىڭكىنىمۇ ئاڭلاپ باقسۇن،
قايسىمىزغا جاۋاب بېرىش ئۇنىڭ ئۆ-
زىنىڭ ئەركىنلىكى.

— بېرىشكە تېگىشلىك جاۋابنى مەن
ئاللىقاچان ئاڭلاپ بولدۇم. سەن كېچى-
كىپسەن سۈلايمان.

— قوشۇق سالما، ئۆتۈنۈپ قالاي،
بىر دەم جىم تۇرغىن ئەخمەت، قېنى
زەربىنىسا، بۇياققا كېلىڭ،سىزگە ئاي-
رىم دەيدىغان گېپىم بار.

— ياق،- ئەخمەتنىڭ ۋارقىرىغان
ئاۋازى كېچە قوينىدا ياتقان توغراق
سۇ ئامبىرىنىڭ ئۈستىدە ياڭراپ كەت-
تى،- ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىمايدۇ،
مەڭگۈ ئاڭلىمايدۇ. يەنە پەيلىڭدىن
يانمايدىغان بولساڭ، سېنى ئاياپ ئول-
تۇرمايمەن سۈلايمان، زەربىنساغا سۆز-
لەيدىغان تىلىڭنى كېسىۋېتىمەن.

نېمىشقىكىن سۈلايماننىڭ كۆزىگە
ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ زەر-
بىنىسانىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇپ بىر
چەتكە تارتتى.

— سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى
بۈگۈنلا ھېس قىلدىم،- دەيتتى ئۇ ئاغ-
زى- ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا،- ماڭا
ئىشىنىڭ زەربىنىسا، مېنى كەچۈرۈڭ! بۇ-
نىڭدىن ئىلگىرىكىسى بىر قاباھەتلىك
چۈش، ئۇنتۇپ كېتىشكە تېگىشلىك ئۆت-
مۈش بولۇپ قالسۇن. بىز مۇشۇ كېچىنى
پاسىل قىلىپ ئەتىكى بەختلىك ھايا-
تىمىزنى كۈتۈۋالايلى. ئاھ جېنىم...

زەربىنىسا ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ
تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئىشنىڭ بۇنداق بو-
لارىنى، سۈلايماننىڭ ئۆزىگە بۇنداق
بىمەنە چاقچاق قىلىشىنى ئويلىمىغانىي-
دى. «ئادەم دېگەن چىدىماس مەخلۇق.
ئەخمەت بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېقىن مۇ-
ناسىۋىتىمىزنى كۆرۈپلا سۈلايماننىڭ
بېشىغا پىت چۈشكەن، ئۇ مېنى ھەقىقىي
ياخشى كۆرمەيدۇ ھەم ئەخمەتنىڭ ياخ-
شى كۆرۈشىگىمۇ چىدىمايدۇ. شۇڭا بۇ
ئويۇننى ئويناپ چىققان گەپ...» دېگەن-
لەرنى ئويلاپ زەربىنىسانىڭ قۇيقاچاچ-
لىرى تىك قالدى. ئۇ سەل - پەل ئېسى-
نى يىغقاندىن كېيىن، قولىنى سىلكىپ
ۋارقىرىدى.

www.uyghurkitap.com



— ماڭا چاقچاق قىلماڭ ئەترەت باشلىقى، مېنى قويۇۋېتىڭ!

تەلۋىلەشكەن سۇلايمان ئۇنىڭ ۋارقىرىشىغا پىسەنت قىلماستىن تېخىمۇ كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى. ئۇ پەقەت زەرbىنىسانى يىراق - يىراقلارغا — ئەخمەتنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان، مەڭگۈ تاپالمايدىغان يەرلەرگە ئەپكىتىشنىلا ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ زەربىنىسانى بەلدىن قۇچاقلاپ چامغۇر يۇلغانىدەك لىككىدە كۆتۈرۈۋالدى - دە، توغانىنىڭ تېخىمۇ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.

— توختا ئىتنىڭ بالىسى، ئېشەك ھاڭرىغانىدا تۆرەلگەن نىجىس، مەشۇقۇمنى نەگە ئاپىرىسەن؟ ئىت جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا ئۇنى قويۇۋەتدەيمەن، — ئەخمەت يۈگرەپ كەلگىنىچە زەربىنىسانىڭ يەنە بىر قولىغا ئېسىلدى. ئۇلار زەربىنىساخانىنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ خۇددى ئارقان تارتىشقانىدەك كۈچەشكە باشلىدى.

— مېنى قويۇۋېتىش!— تارتىشىۋېرىشتىن ھېچ ھالى قالمىغان زەربىنىساخان ئەلەمدىن بوغۇلۇپ ۋارقىراپ كەتتى. سۇلايمان ئۇنى قويۇۋېتىپ ئەخمەتكە تاشلاندى. ئىككىيلەن تاماشىبىنى يوق بوكسيورچىلاردەك مۇشتلىشىشقا باشلىدى. كۆزلەردىن ئوت چاقناپ، قاش- قاپاقلار يېرىلدى. كېچە قوينىدا ياڭرىغان «ۋايجان»، «ۋايەي»، «ئۆلە، ئۆل!» دېگەن ۋارقىراشلار توغراق سۈئامېرىنى بويلاپ يىراق - يىراقلارغا تارقالدى.

ئەخمەتنىڭ تازا كۈچىگە كەلگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ بىر قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، خورازنىڭ قانىتىنى قايرىغانىدەك بويىندىن يۈگەشتۈردى- دە، ئاچ بېقىنىغا تىزلاشقا باشلىدى. تاياق زەربىسىدىن سۇلايمان ھېقىلداپ كەتتى.

— مانا ئەمىسە، تويە!— سۇلايمان بوش تۇرغان قولىدا خەنجىرىنى غىلاپتىن سۇغۇرىۋالدى- دە، ئەخمەتنىڭ قورسىقىغا زەرب بىلەن ئۇردى. قاراڭغۇلۇقتىن ئەخمەتنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۇلار بىر - بىرىنى مەھكەم قامallاشقىنىچە توغانىدىن پەسكە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

— تويە - توي، غوجا ئاكاڭدىن قىز تالاشقىنىڭغا تويە، ھالىڭغا باقماي شىلتىڭ ئاتقىنىڭغا تويە،— پەستىن سۇلايماننىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر پەستىن كېيىن ئەتراپ سېھىرلەنگەندەك سۈكۈتكە چۆمدى. توغراق سۈئامېرىدىكى دولقۇنلار پەسەيدى.



كېچە، ھاۋا سالقىنداشقا باشلىغانىدى. قايا قىنىدۇر كەلگەن غۇر - غۇر شامالدا ئەندىكىپ ئېسىگە كەلگەن زەربىنىسا ھېلىلا بۇ يەردە-توغان ئۈستىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولغىنىنى خىرە-شىرە ئەسلىدى - دە، چۆچۈپ كەتتى.

— ئەخمەت...!- ئۇ توۋلىغىنىچە توغاننىڭ تۆۋىنىگە — سۇلايمان بىلەن ئەخمەت دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن يەرگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ھاسىرىغان پېتى بېرىپ كۆردىكى، قاراڭغۇلۇقتا بىرى سۇنايىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىرى زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك: «ئۆزۈڭگىمۇ، ماڭىمۇ قىلدىڭ ئەخمەت. قىز دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەس ئىدىغۇ. مېنى قايسى جىن ئۇردىكىن، ھەي ئىسىت» دەپ غودۇڭشىيتتى. زەربىنىسا ئاۋازدىن تونۇدى، ئۇ سۇلايمان، يەردە ياتقىنى ئەخمەت ئىدى.

— ئەخمەت !- دەرد - ھەسرەتتىن يېرىلغان يۈرەكنىڭ ئاچچىق نىداسى كېچە باغرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، يۈرىكى توختاپ قالغان توغراقسۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنى داۋالغۇتىۋەتتى.

## 10

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەشەمەتلىك يىغىن زالىدا مۇھىم بىر مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى. ئالدى رەتتىكى رەئىس سەھنىسىدە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملىرى سەپراس بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇجىنىڭ بېقىنىدىلا ئولتۇرغان سۇلتان غازى ھاكىم مۆگدەمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرى دەممۇ دەم يۇمۇلاتتى. ئۇ زورۇقۇپ تۇرۇپ تۆۋەندە ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغان ھەر قايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىغا كۆلۈمسىرەپ تەبەسسۇم قىلاتتى. زال ئىچى سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، ئاسما شامالدۇرغۇچنىڭ ۋىشىلدىغان ئاۋازىلا جىمجىتلىقنى بۇزاتتى.

— يولداشلار، - دېدى پارتكومنىڭ شۇجىسى گىرادۇسلۇق ئەينىكىنىڭ تېگىدىن زالدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ، - بۈگۈندىن دەل ئىككى يىل ئاۋۋال مۇشۇ مەجلىسخانىدا بىر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقى زور كۆپچىلىكىڭلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. شۇ چاغدا ئاپتونوم رايون بىۋاسىتە ناھىيىمىزگە چۈشۈرگەن بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەممىمىزنىڭ بېشىنى قاتۇرغانىدى. كۆپ تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن سۇلتان ھاكىم بىلەن مېنىڭ تەشەببۇسۇم يولداشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، بىز جالالبايىنىڭ كۆلىگە بىر بېلىقچىلىق مەيدانى قۇرىدىغان بولغان. بۇ قارارغا ئاساسەن، سىچۈەن ئۆلكىسىدىن سۈپەتلىك بېلىق سورتلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ بۇ بېلىقچىلىق مەيدانىنى رەسمىي بەرپا قىلغانىدۇق. ناھىيىمىزدە شۇنداق بىر بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەلۋەتتە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ تۆھپىسى.

شۇجىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن شۇ چاغدىكى مۇزاكىرىنى ئەسلەشتى. شۇ چاغدا جالالبايىنىڭ كۆلىدە بېلىق بېقىلىدىغان، يارىتىلغان ئىقتىسادىي قىممەت بىلەن نامراتلارنى يۆلەيدىغان بولۇپ قارار چىقىرىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆل تېخىمۇ كېڭەيتىلمەكچى، بېلىقلار بېقىلماقچى، يۇقىرى ئىقتىسادىي كىرىم يارىتىلماقچى، ناھىيە

www.uyghurkitap.com

نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، «ئالدىن بېيىغان ناھىيە» دېگەن ئاتاقنى ئالماقچى. خۇددى توك تاشلىغان خوراز يېڭىدىن پارقىراپ تۇرغان پەيلەرگە ئېرىشكەندەك يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماقچى بولۇپ رەھبەرلەر قۇۋۋەت دورىسى يېگەندەك روھلىنىپ كېتىشكەنىدى.

نىھايەت، جالالباي زامانىسىدىن كېيىن، بىر قېتىممۇ رېمونت قىلىنماي، ھازىر كىشىنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى چىچىپىدە ئالغان يۈزىدەك قومۇش ئۆسۈپ كەتكەن، ئىچى لاۋا - لاتقىلار بىلەن تىنىپ، تۈزلەڭلىككە ئايلىناي دەپ قالغان كۆلنۇرغۇن ئەمگەك كۈچىنىڭ قولىدا بىر قېتىم ياسىنىپ - تارىنىپ چىقتى. مۇنچىدىن چىققان ئايالدەك ۋاللىدە ئېچىلغان كۆلگە قانداقتۇر ئېسىل سورتلار كەلتۈرۈپ سېلىندى. بېلىق بېقىش تېخنىكىلىقىغا ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئابدۇللا تەكلىپ قىلىندى. بىر يىلدىن كېيىن سۇلتان غازى ھاكىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بېلىقچىلىقتىن قىلچە خەۋىرى بولمىسىمۇ كۆلگە غەلەمەتشاھ مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەندى...

— ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى،-دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى شوجى چايدىن بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن،- پەرىزىمچە بېلىقلار ھازىر بىزنىڭ تۇتۇپ پايدىلىنىشىمىزنى كۈتۈپ تاقىتى - تاق بولۇۋاتسا كېرەك. مەن سۇلتان ھاكىم بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. بىرلىككە كەلگەن پىكرىمىزنى ھازىر سۇلتان ھاكىم يولداشلارغا يەتكۈزىدۇ. قېنى، قىزغىن قارشى ئالايلى.

زالنى ئۆرۈۋەتكۈدەك گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. دەل شۇنى كۈتكەندەك سۇلتان غازى ھاكىمنىڭ ئۈيقۇسى ئېچىلدى.

— يولداشلار،- دەپ سۆز باشلىدى سۇلتان غازى ھاكىم ۋەزمىن ئاھاڭدا،- بېلىقلارنىڭ تەمىنى تېتىيدىغان چاغ كېلىپ قالدى. ئون بەشىنچى سېنتەبىر سىناق تەرىقىسىدە بېلىق تۇتۇش باشلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە بېلىقلارنىڭ سۈپىتى، يەككە ئېغىرلىقى ئۆلچىنىپ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىغا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە باھاسى بېكىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بېلىق رەسمىي بازارغا سېلىنىدۇ. ۋىلايەت بازارلىرىغىچە يەتكۈزۈلۈشى مۇمكىن. يارىتىلغان كىرىمنى پىلانلىق ئىشلىتىپ ھەر قايسى يېزىلارغا بىردىن - ئىككىگىچە قەدەر بولكىۋاي ماشىنا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ماشىنىلار يەنە كىراغا سېلىنىپ قوشۇلما قىممەت يارىتىدۇ. دېمەك تۇخۇم باسۇرۇپ چۆجە چىقىرىپ، چۆجىلەرنى يەنە تۇخۇم تۇغدۇرغاندەك ئايلانما شەكىلدىن پايدىلىنىپ ناھىيىمىزدىكى نامراتلارنى ئۈزۈل - كېسىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا بۇ چارىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

زالدا يەنە قىزغىن چاۋاكلار چېلىندى.

يىغىندىن كېيىن غەلەمەتشاھ سۇلتان غازى ھاكىمنى كۈتۈپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدا خېلى ئۇزۇن تۇردى. كىچىك ماشىنىلار دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىپ يۈرگەندۇر ئالدىراش چېپىشاتتى. قولتۇقلىرىغا قېلىن-قېلىن ماتېرىياللارنى قىستۇرۇشقان كاتىپلار پىتىراپ كەتكەنىدى، ئىشخانا مۇدىرلىرى كىملەرگىدۇر جىددىي ئىش تاپىلىماقتا. قارىغاندا يەنە بىر چوڭ يى-

غىن ئېچىلىدىغاندەك قىلاتتى.

— بۇ خەقنىڭ يىغىن ئېچىشىنىزە، — دەپ غۇدۇڭشىدى غەلەمەتشاھ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — كۆتىگە پوق تاقاشقاندىمۇ يىغىن ئاچمىسا كاتەكنى تاپالمايدىغان ئەبگالار، بىر كۈندە ئالتە يىغىن... ئەستا.

غەلەمەتشاھقا كۈتۈش ناھايىتىمۇ ئۇزۇن چۈشتى. ئەمما ئۇ كۈتتى. شەپقەتچىسىنىڭ ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇشى بار - يوقلۇقىنى ئۇقۇپ ئاندىن كۆلگە قايتىش ئۈچۈن ئۇ ئولتۇرۇپ كۈتىۋاتقان ھەر بىر مىنۇتنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزاتتى. پىژغىرىم ئاپتاپتا چاڭقاپ، لەۋلىرى بىر قات گەز باغلىغان بولسىمۇ ئۇ بەرداشلىق بەردى. «چىداش كېرەك» دەپ ئويلايتتى غەلەمەتشاھ شېرىن خىياللار بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، — قايتىدىن «غا شاگجاڭ» ۋە قانداقتۇر «غا... باشلىق» بولۇش ئۈچۈن ھەممىگە بەرداشلىق بېرىش كېرەك. خۇددى يارىنى قۇچىقىغا ئالغان ئاشىق يار ۋەسلىگە يېتىپ لەززەتتىن مەست بولغاندا كۈتۈش ھەدىيە قىلغان ئاچچىق خىياللارنى ئېسىدىن چىقارغاندەك، ئاشۇ كۈن، كېچە - كۈندۈز خىيالىدىن نېرى قىلماي تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ئاشۇ مۆجىزىلىك كۈن يېتىپ كەلگەندە موشۇنداق ئىسسىقتا، تالجىققان ھالدا بىر باشلىقنى كۈتۈپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا يېرىم كۈن تۇرغانلىقىنى ئۇمۇ ئەستىن چىقىرىدۇ. چۈنكى لەززەت ئادەمنى شادلىقتىن ئۆزىنى بىلمەس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ۋاقىت ئۆتمەكتە. قۇياش غەربكە قاراپ ئاستا - ئاستا سىلجىماقتا ئىدى. غەلەمەتشاھنىڭ كۈتۈشى چېكىگە يېتەي دەپ قالغاندا ھەر نېمە بولسا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يىغىنى ئاخىرلاشتى. چىرايى سولغۇن، جىسمىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان مەجلىس ئەھلى زالدىن چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار پەس ئاۋازدا نېمىگىدۇر قاينايتتى. بىر نېمىلەرنى دەپ جىملە بولۇشاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا سۇلتان غازى ھاكىم مەجلىسخانىدىن چىقتى. سېمىزلىكتىن بوردالغان مەكىت قوچقىرىغىلا ئوخشاپ قالغان بۇ ھاكىمنىڭ ماي تەپچىرەپ تۇرغان يۈزلىرى تەردىن پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېغىر - ئېغىر تىنىغىنىچە ئۆزىگە ھال ئېيتىۋاتقان ئۈچ كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرۋازا تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

— ھا...ھاكىم...، — غەلەمەتشاھ ھاياجانلانغىنىدىن كېكەچلەپ تىلى تۈزۈكرەكمۇ گەپكە كەلمىدى.

— ھە، غەلەمەتشاھ، قايتماپسىلىغۇ، — ئەجەبلىنىپ سورىدى سۇلتان غازى ھاكىم.

— سىلى بىلەن دىدارلىشىپ، سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن قايتاي دەپ دەرۋازا ئالدىدا كۆزدەتتە تۇردۇم مانا، — ھىجايدى غەلەمەتشاھ، — گەپ - سۆزلىرى بولسا ئاڭلاپ قايتاي دەپ...

ھاكىمنىڭ چىرايىدا ئىتنىڭ ئەركىلەشلىرىدىن سۆيۈنگەن ئىتئۋازنىڭ كۈلكىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ دىقماق قوللىرى بىلەن غەلەمەتشاھنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان يۇمشاق بارماقلىرىنى چىڭ قىستى، بۇ قىسىشتىن ھاكىمنىڭ تولۇق رازىمەنلىكى ئىپادىلىنەتتى.

— ئاز قالدى، — دېدى ھاكىم پەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاۋازدا، — مۇشۇ قېتىم بېلىق مەھسۇلاتى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، سىلىنىڭ تۆھپەڭلىنى ئويلىشىپ كۆرىمىز. ھازىرچە باشقا گەپ - سۆز يوق، خاتىرجەم قايتىپ تۇرۇڭلار، تەييارلىقىڭلار پۇختا بولسۇن. ئۈمىدىم سىلىدە. باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەن يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن.

— خاتىرجەم بولسىلا ھاكىم، — غەلەمەتشاھ قەسەم بەرگەندەك دەبدەبە بىلەن سۆزلىدى، — جالالىبايىنىڭ كۆلىدىكى بېلىق مەسىلىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ ماڭا قىلغان ئەجىرلىرى ئۈچۈن كاللام بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، كۆزۈم ئوچۇقلا بولىدىكەن، سىلىنىڭ يۈزلىرى ھامان يورۇق بولىدۇ.

— بىلىپ قېلىڭلا، — دېدى ھاكىم ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ، — يېقىندا مېنى ۋىلايەتكە مۇئاۋىن ۋالىي قىلىپ يۆتكەيدىغان گەپ - سۆزلەر خېلىلا ئاۋۇپ قالدى. ئىش شۇنداقلا بولسا سىلىمۇ قايسىدۇر بىر باشقارمىدا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ، «كاللا باشلىق» ماشىنىنىڭ راھىتىنى سۈرىسىلەر، بۇنىڭدا گەپ يوق. ئەمما سىلىمۇ تۇز ساقلاشنى بىلىشىڭلار، قىلغاننى لايىقىدا ياندۇرۇشنى ئويلىشىپ كۆرۈشۈڭلار كېرەك. ھا... ھا... ھا... چاقچاق قىلىدىم جۇمۇ غەلەمەتشاھ.

ھاكىمنىڭ چاقچىقى ئۇنى جەننەتكە كىرگەندەك خۇشال قىلىۋەتتى.

— مەن ئۇنچىۋالا دۆت ئادەملەردىن ئەمەس، — دېدى غەلەمەتشاھ ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، — قىلغانلىرىنى بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسەتسەممۇ قايتۇرۇپ بولالمايمەن ھاكىم. خۇدا بۇيرۇسا سىلى ئۈچۈن... جېنىم پىدا...

## 11

بوستانكۆل كەنتىنىڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغانىدى. كەنتنىڭ ھەممىلا تەرىپىدىن مۇسىبەت پۇرىقى كېلەتتى. ئاق ياغلىقنى باستۇرۇپ چىگىپ، ئۇزۇن قارا پەرىجە كىيىشكەن ئاياللار نېمىگىدۇر ئالدىرىشىپ يۈرەتتى. ئەرلەرنىڭ قاپىقى سىلىنغان، چىرايى پەرىشان ھالدا ئۇ يەر- بۇ يەردە بىر-ئىككىدىن ئولتۇرۇپ ئاچچىق موخۇركىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىشمەكتە ئىدى. ھەممىنىڭ كۆڭلىدە ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئاشۇ ۋەقە قالدۇرغان مالامەت كېزىپ يۈرەتتى. نېمىشقىكىن بوستانكۆل ئون - يىگىرمە كۈننىڭ ئىلگىرىسىدىكى قىياپىتىگە ئوخشىماي قالغانىدى.

— قىزىق ئىش، — دېدى ھاشىم توك ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك قېتىپ قالغان سۈكۈناتنى بۇزۇپ خىرقىراق ئاۋازدا، — مەن بۇ يۇرتنىڭ ئۈچ ئەۋلادىغىچە سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم، بوستانكۆلدە ئادەم تۇرماق، چېشىسىنى تالىشىپ چىۋىنمۇ ئۆلمىگەنىكەن.

— ئەخمەت ھەقىقەتەن ئوبدان بالا ئىدى، — مامۇت شانا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا دېدى، — تاپ تالىشىپ نېمە قىلار ئىدىڭ جېنىم ئۇكام؟ ئۆلۈشلىنىڭ قۇربانلىق قوي تېرىسىدەك تارشىلىشىپ قالغان بىر قېرى قىزنى دەپ ئىسسىق جېنىڭنى سېلىپ بەرگىنىڭنى قارا. زەربىنىسادەكلەر قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشكىمۇ پۇرسەت تاپالمايدىغان نى - نى قىزلار بوستانكۆلدە ئېشىپ - تېشىپ يۈرمەمدۇ؟ كىم ساڭا ياق دەر ئىدى - ھە، جېنىم ئۇكام...

— ھەممە بالا ئاشۇ دېغراپ قالغان قانجۇقتا، — قىزىشىپ ۋارقىرىدى سايىم كالاچ قولىنى شىلتىپ، — دەپ بېقىڭلارچۇ، كۆيلىگەن قانجۇق ھوۋلاپ شەپە بەرمىسە ئىت كۇسۇكقا ماڭامدۇ؟ بىر جېنىغا ئىككى يىگىتنى تەڭ تەكلىپ ئېتىپ يۈرگىچە كەنتنىڭ ئىشخانا تېمىغا ئېلان چىقارسا بولماسمىدى بۇ پەس.

— ھەر نېمىلەرنى دەيسىلەر، زەربىنىسامۇ تىرىك ئادەم، ئۇنىڭدىمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق كۆڭۈل بار.

— قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق قارا كۆڭۈللەر، — ھاشىم توك قولىنى چايقىدى، — ئېچىرقاپ كەتكەن بۇ جالاپ تاللاپ يۈرمەي بىرگە قانائەت قىلغان بولسا، بۇ خۇن تۆكۈلگەن ۋەقە كېلىپ چىقمايتتى. — ئۆزلىرىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ خالىس سوتچىلىرى دەپ بىلىشىمۇ، كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا ئۆزىنىڭ مەقسەت — مۇددىئالىرى بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرى ھە دېگەندە زەربىنىساخانىڭ قۇلىقىغىچە بېرىپ يەتتى. ئۇ تاملىرى قىڭغايغان ئەسكى ئۆيىنىڭ كەينىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان دۆڭنىڭ ئۈستىدە، پۇتىنى ئالدىغا سوزغان ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. كىشىلەر ئەيىبلىگۈدەك قايسى گۇناھنى سادىر قىلغانلىقى ئۈستىدە ئويلىناتتى. ھاياتى، ئېرىشكەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، تارتقان جەبىر-جاپالىرى ئۈستىدە پىكىر قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ تاكى ھازىرغىچە ۋە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىغا ئۆكۈنەتتى. پېتىپ كېتىۋاتقان كەچكى قۇياشقا قاراپ ئازابلىنىپ تەبەسسۇم قىلاتتى. چۇۋۇلغان چاچلار، بىر گەز ئولتۇرۇشقان نۇرى كەتكەن خۇنسىز كۆزلەر، سارغىيىپ سولۇشقا باشلىغان چىرايى ئۇنى روھى كېسەلنىڭ نەق ئۆزىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئارىنىڭ چىشلىرىدەك بارماقلىرىدا يۇمشاق قۇملارنى مەخسەتسىزلا سورۇيتتى.

كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا ئاقباش بۇلۇتلار چوغدەك تاۋلىنىشقا باشلىدى. زەربىنىسا ئولتۇرغان دۆڭمۇ قىزغۇچ رەڭگە كىردى. يىراق - يىراقلارغىچە سوزۇلغان شال ئېتىزلىرىمۇ ھۆپپىدە قىزىلگۈللەر ئېچىلغان دالانى ئەسلىتەتتى. بۇ قىزىللىقنى كۆرۈپ زەربىنىسانىڭ كۆز ئالدىدا غىققىدەقانغا چىلاشقان ئەخمەتنىڭ كۆڭلىكى زاھىر بولدى. ئۇ ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن، ھەر قېتىم قىزىل رەڭنى كۆرسە ئاشۇ كۆڭلەكنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۆزىنى دەپ سۇلايماننىڭ پىچىقىدا ئۆلگەن ئەخمەتنىڭ سولغۇنچىرايىنى ھەر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە يۈرىكى لازا سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشىپ، سائەت - سائەتلەپ يىغلايتتى. ھاياتى مۇشۇ مىنۇتلاردا تامام بولىدىغاندەك، ھەممە خۇشاللىقلىرىنى يوقىتىپ قويغان يۈرەك بىر - ئىككىنى سوقۇۋېتىپلا توختاپ قالىدىغاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان قۇملارغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالاتتى.

— ئۆلۈم! ئۆلۈم! ئۆلۈم!

ئاشۇ سۆز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغىنىدا، روھى دۇنياسىدا بومبىدەك پارتلىغانىدا زەربىنىسا تىترەپ كەتتى. ھايات دېگەن شۇنچىلىكلا نەرسە بولىدىغان بولسا، تارتىشىپ يۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوقكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ. چۈنكى ھاياجان بىلەن تىترەپ، بار ئىش-

تىياقى بىلەن ئۆزىنى سۆيۈۋاتقان ئەخمەتنىڭ «پال» قىلىپ چىقىلغان چاقماقنىڭ يورۇقچىلىكۋاقىتتا مەڭگۈلۈك ئارامگاھقا سەپەر قىلغىنىنى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئۇ دەسلەپىدە ئەخمەتنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە زىنهار ئىشەنمىدى. ئەخمەت نەگىدۇر كېتىپ قالغاندەك، كۆپ ئۆتمەي قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى قايتىدىن باغرىغا باسىدىغاندەك بىر ئالدامچى تۇيغۇ ئىچىدە يۈرگەنىدى. ئەمما ئەخمەت قارا تۇپراقنىڭ تېگىگە بىر كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. بەلكىم شۇ تاپ پانىي ئالەمدە ئۇنى كۈتۈپ تاقىتى-تاق بولۇۋاتقاندۇ. نېمىلا بولمىسۇن بۇ دۇنيادا ئەمدى زەربىنىسا تىكەندەكلا يالغۇز قالدى. جۇت-شىۋىرغاندا قالغان بۇ سىرىن گۈل يەنە قانچىلىك بەرداشلىق بېرەركىن؟...

— قاراڭلار ئۇنىڭغا، ئەر سېغىنىپ يەنە دۆڭگە چىقىپتۇ.

— ئىككىسىنىڭ بېشى يەتمىگەندەك يەنە كىمنى ئۇتقا تىقاي دېدىكىن بۇ يالماۋۇز.

— ھەي، جالاپ دېگەندە يۈز نېمىش قىلىدۇ دەيسىلەر؟ ئېشەك ئۆپكىسىدەك لاپىسىيىپ تۇرسا ئىزامۇ ئۆتمەيدۇ - دە ئۇنىڭغا.

— مەن بولسامچۇ، ئۇ قالغان كۈنگە قالسام ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن خانلىرىم.

— ھۆكۈمەت دېگەنمۇ ساراڭ بىر نېمىكەن. قاراپ تۇرۇپ ئىككى ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان مۇشۇنداق بىر نېمىنى تېگىشلىك جازالىماي كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرىدىغۇ تاڭ.

— ئەرلىرىمىزگە ھېزى بولايلى خانلىرىم، بولمىسا بىز تۇل قالىمىز جۇمۇ ئۇكىلا.

زەربىنىسا دۆڭنىڭ ئۇچ تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان چىغىر يولغا قارىدى. دۈۋە - دۈۋە ئوت - چۆپلەرنى يۇدۇشۇپ ئېتىزدىن قايتقان تۆت - بەش چوكان ئاغزىنى بۇزۇپ ھەر نېمىلەرنى دېيىشكىنىچە كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ قەستەن ئاڭلىتىپ تۇرۇپ قىلغان زەھەردەك ئاچچىق بۇ سۆزلىرى زەربىنىسانىڭ ئۇنىڭسىزمۇ قان - زەرداب بىلەن تولغان يۈرىكىنى تىلىم - تىلىم قىلىۋەتتى. ئۇ ساراڭلاردەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئوت يۇدۇپ كېتىۋاتقانلارغا قولىنى شىلتىپ، دۆڭنى بېشىغا كىيىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇلار توغرا دەيدۇ، ئۆلۈش كېرەك. بۇ رەزىل جاھاندىن، بىرەھىم كىشىلەر ئارىسىدىن پەقەت ئۆلۈم يولى بىلەنلا قۇتۇلغىلى بولىدۇ!

ئۇ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيۋاتقان «ئۆلۈم!» ۋەسۋەسىدە جالالبايىنىڭ كۆلىگە ئېلىپ بارىدىغان چىغىر يولغا چۈشتى.

× ×

زەربىنىسا جالالبايىنىڭ كۆلى بويىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. سارغىيىشقا باشلىغان شال مايسىلىرى تۈنقوينىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. سەلكىن شامال ئۇلار ئۈستىدىن نازۇك ئۆتكەندە مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئاستا پىچىرلاپ شىرىقلايتتى. ئاشۇ چاغلاردا جالالبايىنىڭ قەدىمى ئاستىدا مەخمەل پايانداز بولۇپ سوزۇلۇپ ياتقان بوز زېمىن ئەمدى ئۇنىڭ قىزىنىڭ بېشىغا كەلگەن

كۆلپەتتىن، يېقىنلاپ قالغان ئەزرائىلنىڭ ھۆركىرىشىدىن قاتتىق سىلكىندى. جالالبايىنىڭ كۆلىدە دولقۇنلار كۆچىيىپ، سۇلار پىغان چېكىۋاتقاندەك شاۋقۇنلىدى. قاراڭغۇدا سۇنىڭ دەھشەت سېلىپ چايقىلىۋاتقانلىقىنى ئۇۋا كۆرگىلى بولاتتى. پاقىلار زەربىنىساغا ھاي بېرىۋاتقاندەك جان-جەھلى بىلەن كۇركىرىشاتتى.

ئۇ توغان ئۇستىدە خېلى ئۇزۇن تۇردى. ئۇ ئارقىغا — مەھەللە تەرەپكە قارىماي دەپ ئۆز - ئۆزىگە شۇنچە ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ چىدىيالمىدى. ئاقىۋەت ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مۇسىبەتلىك كىشىدەك سۈكۈتكە چۆمگەن بوستانكۆل تەرەپكە ئۇزۇن مېھرى بىلەن قارىدى. بۇ كېسەل ئازابىدىن تولغىنىپ، ئەجەل يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بىچارە قىزنىڭ ئۆزىنى باخاشلاپ تۇرغان ئانىسىغا ئاخىرقى رەت تەلمۈرۈپ قارىغان مىنۇتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل قاراش ئىدى. مەھەللىدە ئىتلارنىڭ تونۇش ئاۋازى تېخى بېسىقمىغان، ئۇيەر-بۇ يەردە تېخى چىراغ ئۆچمىگەنىدى. ئەمدى بوستانكۆل ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تىنجىپ قالارمىكىن؟ كىشىلەر شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلارمىكىن؟ توغرا، ھازىرلا بوستانكۆلنىڭ ئاسمىنىدا بىر يۇلتۇز ساقىيىدۇ. ئاشۇ تەلەيسىز يۇلتۇزنى شۇ تاپ كىملەر تاماشا قىلاركىن؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىملەرنى خۇشال قىلىپ، كىملەرنى ئېغىر دەملەرگە مۇپتىلا قىلاركىن؟! ياق، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم قايغۇرماس. ئىشلار ئەسلىدە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بەلكىم كىشىلەرنى ھەيرانمۇ قىلماس. ئۇلار خوشياقمىغان ھالدا ئۇنىڭ جەسىتىنى جىمجىتلا يەر قويىنىغا كۆمۈۋېتەر، ياكى مۇشۇ كۆلدە، دولقۇنلىرى تىنچىماس سۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالار ... مەيلى ئەمەسمۇ، ئۆلۈك دېگەنگە سۇمۇ، تۇپراقمۇ بەرىبىر.

ئۇ توغان ئۇستىدە، مەھەللىگە قاراپ تۇرۇپ شۇلارنى ئويلىدى. بوستانكۆل تەرەپتە ھاياتنىڭ شاۋقۇنلىرى تېخى بېسىقمىغانىدى. ئۇ ئاتا - بوۋىسى ياشىغان، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىندا، ئىتلارنىڭ كاڭشىپ، ئېشەكلەرنىڭ بوغۇق ئاۋازدا ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاخىرقى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. ئادەتتە ئادەمنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يەپ كېتىدىغان بۇ ئاۋازلار شۇ تاپ ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يېقىملىق بىر ناخشىدەك ئاڭلاندى. ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ ناخشىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تىڭشىدى. ھايات بىلەن مامات ئوتتۇرىسىدىكى تارتىشىش كۈچى نېمە دېگەن قۇدرەتلىك - ھە!

زەربىنىسا توغاندىن پەسكە چايقىلىپ نەرە تارتىۋاتقان سۇغا قاراپ ئاستا - ئاستا سىيرىلدى. ئايىغىغا تەگكەن مۇزدەك سۇ ئۇنى ئەندىكتۈرىۋەتتى.

— باغرىڭنى ئاچ ئانىجان! — نالە قىلدى زەربىنىسا سۇغا قاراپ غۇلىچىنى كەڭ ئاچقىنىچە، — دەردىمەن قىزىڭنىڭ يۈرىكىدىكى ئاتەشنى ئۆچۈرگىن، قىزىڭنى باغرىڭغا باس!

12

بۈگۈن جالالبايىنىڭ كۆلى ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنىدى. شىمىنىڭ پۇشقىقىنى تۈرۈۋېلىپ، ئىمپورت قىلىنغان قار-

ماقىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇياقتىن- بۇياققا چېپىشىۋاتقان بېلىق تۇتۇش مەستانىلىرى، كۆلنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىكى كېمە بىلەن يۇرۇپ تور تاشلاۋاتقان بېلىق تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ۋارقىراش- جارقىراشلىرى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. توغان ئۈستىدە ناھىيە رەھبەرلىرى، مالىيە ئىدارىسى، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ كىچىك ماشىنىلىرى ئۆز تەرتىپى بويىچە سەپراس بولۇپ تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. ماشىنىنىڭ كەينىدىكى چوڭ - كىچىك سۇلياۋ چېلەكلەر، چېپتا تاغارلار تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆزلىرىگە بېلىقلارنىڭ قاچىلىنىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇزۇن سايىۋىنى بار تەنھەرىكەت شەپكىسى كىيىۋالغان ۋاڭ شۇجى بىلەن سۇلتان غازى ھاكىم ھەر قايسى تارماقنىڭ مەسئۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ توغاننىڭ ئۈستىدە بېلىق تۇتۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. غەلەمەتشاھ ئېشەكنىڭ تەخىيىدەك گاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئويناقلىسا، گاھ بېلىق تۇتۇۋاتقانلار تەرەپكە قاراپ چاپاتتى. بېلىق تۇتۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ چۈشلۈك تامىقى ئۈچۈن ئىشخانىنىڭ كەينىدىكى تونۇرغا تىقىلغان ئىككى پاقلاننىڭ كاۋىپى تېخى پىشمىغانىدى. تۇتۇلغان بېلىقلاردىن قورداق ياساش ئۈچۈن قازانلاردا ياغمۇ ۋاژىلداپ قاينىماقتا ئىدى. چۈش بولدى. بېلىق تۇتۇش مەستانىلىرىنىڭ قارماققا تەلمۈرگەن كۆزلىرى تېشىلەي دېدى. سائەت - سائەتلەپ يېيىلغان تورلار يىغىلدى. ھەممىسى قۇپ - قۇرۇق ئىدى. بېلىق تۇرماق ساپىسى-

مۇ تۇتۇلمىدى. قارماقلار يەنە تاشلىنىپ، تورلار سۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگىچە يېيىلدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى جالالبايىنىڭ كۆلىگە قاراپ تۇرغانلارنىڭ چىرايىدا ئۈمىدسىزلىك، پۇشايمان ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. غەلەمەتشاھنىڭ چىرايى ئۈجمە قوۋزىقىنىڭ بوتقىسىدا ياسالغان، پاتلانمىغان خوتەن قەغىزىدەك سارغايدى. كەچ كىردى، تورلار يەنە قۇپ-قۇرۇق پېتىچە سۇدىن چىقتى. قارماقلارمۇ يەمچۈكلىرىنى سۆرىشىپ سالپايغان ھالدا يىغىۋېلىندى. بىر تالمۇ بېلىق تۇتۇلمىدى.

— نېمە گەپ بۇ؟ - ئەجەبلىنىپ سورىدى سۇلتان غازى ھاكىم قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا، - نېمىشقا بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمايمىز؟ شۇنداق يوغان كۆلدىن نېمىشقا بىرمۇ بېلىق چىقمايدۇ؟ قانداق بولغىنى بۇ؟

— بېلىق دېگەن ھېلىگەر نەرسە بولسا كېرەك، - غەلەمەتشاھ سەل دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى، - بۈگۈن ۋاراڭ-چۇرۇڭنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆلنىڭ تېگىگە شۇڭغۇۋالدىمىكىن؟

— بېلىقلار بەك چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ تورغا ئىلىنمايدۇ، - دېدى مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ.

— شۇنداقتىمۇ شۇنچە كىشىلەر سەپەرۋەر قىلىنغان دولقۇندا بېلىقنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەسلىك غەلىتە ئىشقۇ بۇ. بىزنىڭ سالغان بېلىقچانلىرىمىز نەگە كەتتىدۇ؟ شۇنچە بېلىقچانلار ئىچىدىن قارماقتىكى ئەڭ ئېسىل يەمچۈكنى چىشلەيدىغان بىرەرسى چىقماسمۇ؟

سۇلتان غازى ھاكىم سۆزلەۋېتىپ «قېنى، بىر نېمە دېمەمسىلە؟» دېگەندەك غەلەمەتشاھقا قاراپ قويدى. غەلەمەت-

شاھىنىڭچىشلىرى كىرىشىپ، ھېچ نەرسە
دېيەلمىدى.

كەچ كىردى. جالالبايىنىڭ كۆلىگە
زور ئۈممىدلەرنى باغلاپ، بېلىقلارنىڭ
تەمىنى تېتىپ، سۈيىتىگە باھا بېرىشكە
چىققانلار ناھايىتىمۇ قىيىندا تۈپرۈكى-
نى يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ناھىيە رەھ-
بەرلىرى لاسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئو-
چاقلارنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قايناپ تۇرغان
مايلارمۇ سوۋۇدى، تەلەيلىك بېلىقلار
تەلەيسىز مەستانىلارنى مات قىلىپ بى-
رەرسىمۇ تورغا چۈشمىدى. سۇلتان غا-
زى ھاكىم رەنجىپ ماشىنىسىغا چىقتى-دە،
ئىشىكىنى گۈپپىدە ئەتتى. ئەتىدىن بې-
رى سۆگەت چىۋىقىنى چىشلەپ ئۈزۈپ
بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان ۋاڭ شۇجى
بېشىنى چايقىغىنىچە ماشىنىسى تەرەپ-
كە ماڭدى. قۇرۇق چېلەك، قۇرۇق تا-
غارلار قۇرۇق پېتىچە قالدى. ماشىنىلار
قويۇق چاڭ كۆتۈرۈپ كەلگەن يولى بى-
لەن ئارقىغا يېنىشتى.

غەلەمەتشاھ ھوشىدىن كېتەي - كې-
تەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇ جالالبايىنىڭ
كۆلىنىڭ، كۆلدىكى بەڭباش بېلىقلارنىڭ
رەھبەرلەرنى ئۈممىد قويۇشىنى، ئۆزىنى
بولسا يەرگە قاراتىشىنى پەقەتلا ئويلى-
مىغانىدى. كىشىلەر ئالدىدا، سۇلتان غا-
زى ھاكىم ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشى-
نى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ
كېتىپ بارغان ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن
ئەگىشىپ بوخسۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋات-
قان توپا - چاڭلارغا ھاڭۋاقىنىچە بىر
پەس قاراپ تۇردى - دە، ئۆزىنىڭ كاچى-
تىغا شاڭ - شۇڭ قىلىپ ئىككىنى سېلى-
ۋەتتى.

بېلىق تۇتۇش دولقۇنى ئەتىسىمۇ يۇ-
قىرى باسقۇچقا چىقتى. نەچچە مىليون
مەبلەغ سېلىنغان كۆلدىن بىرمۇ بېلىق-
نىڭ تۇتۇلمىغىنى پۈتۈن ناھىيىنى تىت-
رىتىۋەتكەنىدى. كېچىچە يېيىپ قويغان
تورلار ئەتىگەن يىغىۋېلىندى. بىر نەچ-
چە تال ئەخلەت-چاۋارلار سۈزۈلۈپ چىق-
تى. ئەجەبا، شۇنچە بېلىقچىلارنى يەر
يۇتقانىمىدىكىنە؟ سۇ يۈزىدە بىر - بى-
رىنى قوغلىشىپ ئوينايدىغان بۇ كاسا-
پەتلەرنى بىرى «سۇف» دەپلا كۆزدىن
غايىب قىلىۋەتكەنمىدۇ؟ كۆلگە نېمە
بولغاندۇ؟ بېلىقلار نەگە كەتكەندۇ؟ بۇ-
لارنىڭ ھېچقايسىسىغا غەلەمەتشاھ بىر
نەرسە دېيەلمىدى.

بىر كۈنلۈك ئۇرۇنۇش بىكارغا كەت-
تى. ماشىنىلار يەنىلا قۇپقۇرۇق قاي-
تىشتى. رەھبەرلەرنىڭ كۆلدىكى بېلىق-
لاردىن ئۈممىدى ئۈزۈلگەنىدى. بۇ ھال
جالالبايىنىڭ كۆلىنى نۇقتا قىلىپ تۇت-
قان سۇلتان غازى ھاكىمغا بەكمۇ ئە-
لەم قىلغانىدى. ناھىيىنىڭ بېلىقچىلىق-
نى ئاساس قىلىپ بېيىش ئۇلۇغۋار پى-
لانى شۇنىڭ بىلەن سۇغا چىلىشارمۇ؟
دېگەننى ئويلاپ ھاكىمنىڭ دېمى ئىچى-
گە چۈشۈپ كەتتى. ئەينى چاغدا «بې-
لىقچىلىق كەسپى ناھىيىمىزنىڭ شەرت -
شارائىتىغا ماس كەلمەيدۇ. چارۋىچى-
لىق بىلەن يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدى-
غان سېلىنمىنى كۆپەيتىشكە مەبلەغ ئاج-
رىتساق، دەپ چىڭ تۇرغانلارنىڭ چېچى-
كى چاي بولىدىغان بولدى - دە» دېگەن-
نى ئويلاپ نېمىگىدۇر پۇشايمان قىلدى،
لېكىن ۋاقىت كەتكەنىدى.

غەلەمەتشاھ تىت - تىتلىق ئىچىدە
تور يېيىۋاتقانلارغا ئۈممىد بىلەن قارى-
دى. كاشكى، بېلىقلاردىن بىرەرسى تۇ-
تۇلسا ئىدى. ئۇ ھەر نېمىلەرنى قىلىپ
بولسىمۇ باشقا بېلىقلارنىڭ دېرىكىنى
قىلىپ ئۇنى ئىقرار قىلغۇزغان، غەلە-

مەتشاھ تۇتۇلغان بېلىقنى كۆزىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ «مانا بېلىق، بېلىق دېگەن مۇشۇ بولىدۇ» دەپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغان بولاتتى. ئەپسۇس، بۇ تاۋۇنازۇك ساھىبجامال نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. شۇنچە تەشنا بولغان كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسەتمەيمۇ دېمەيتتى.

ئۈچىنچى كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەجلىسخانىسىدا بېلىق تۇتۇشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ جىددىي يىغىنى ئېچىلدى. ئۇيقۇسىزلىقتىن قاپاقلىرى ئىششىپ، خاپا چىراي ئولتۇرغان سۇلتان غازىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ يىغىن چاقىرىلغانىدى.

— ھەممىمىزگە مەلۇم، — دېدى ھاكىم ھارغىن كەيپىياتتا، — بىز ئىككى يىل ئىلگىرى جالالبايىنىڭ كۆلىگە نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، بېلىق بېقىش كەسپىنى يولغا قويغانىدۇق. ئەمدى نېمە بولدى، بۇنىسى بىزگە قاراڭغۇ. ئىككى كۈنلۈك بېلىق تۇتۇشقا ئۇرۇنۇشىمىز بىكارغا كەتتى. بىز بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمىدۇق، بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمىدە؟ يولداشلار بىر نەرسە دەپ باقسا، — ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى.

— ھازىر، — دەپ سۆز باشلىدى سۇ ئىنسپېكتور ئىدارىسىنىڭ بېشقەدەم باشلىقى خىر - خىر قىلىپ ھىجايغىنىچە، — دەل بېلىقلارنىڭ كۆيلەيدىغان ۋاقتى، كاساپەت جۈپتى بىلەن پىنھان يەر ئىزدەپ كۆلنىڭ تېگىگە چۆكۈۋالدىمىكىن، قارىغاندا بېلىق دېگەنمۇ ھايالىق بىر نەرسە بولسا كېرەك، دالدىدىراق بىر ئىش قىلاي دەپ...

مەجلىسخانىدىن پاراققىدە كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

— بۇ دېگەن چاقچاق قىلىدىغان چاغ ئەمەس، — دەپ تېرىكتى سۇلتان غازى ھاكىم خاپا بولۇپ.

— قاچۇجاڭ چاقچاق قىلمىدى، — سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى، — مەن ئوقۇغان بىر ماتېرىيالدا بېلىقلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى تەتقىق قىلىنغان. بېلىقلارنىڭ كۆيلەش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، چىشى بېلىقلار سۇنىڭ ئېقىشى ئاستا، دالدىراق يەرلەرگە تۇخۇم سالىدۇ، تۇخۇم سېلىۋاتقاندا ئەركىكى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. مېنىڭچە كۆلنىڭ سۈيىنى تارتىپ چىقىرىۋەتسەك، بېلىقلارنى تۇخۇمى بىلەن قوشۇپ تۇتۇشىمىزدا گەپ يوق.

— قىزىق گەپ بولدى - دە، بۇ، جالالبايىنىڭ كۆلى دېگەن نەچچە ئون كىشى بىر بولسا قۇرۇتىۋەتكىلى بولىدىغان ئەترەتنىڭ مال سۇغىرىدىغان كۆلچىكى ئەمەس، نەچچە مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان كۆلنىڭ سۈيىنى قانداق تارتىپ چىقارغىلى بولىدۇ؟

— ئەمىسە بېلىقلارنى تۇتمايدىكەنمىز - دە، — سۇلتان غازى ھاكىم تەنە ئارىلاش ھىجايدى، — ئۇلارنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ سۇ يۈزىگە چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان گەپمۇ - ئۆزى؟ ياق، بۇنىڭغا ناھىيىمىزنىڭ شەرت-شارائىتى يار بەرمەيدۇ. نامراتلار ئاشۇ كۆلدىكى بېلىقلارغا، قىسقىسى بىزگە كۆز تىكمەكتە. ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىزدە ماشىنا - ئۈسكۈنە دېگەن تولا گەپ. ئەمگەك كۈچىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. مېنىڭچە كۆلنىڭ كىرىش ئېغىزىنى ئېتىۋېتىپ سۇ چىقىرىشنى تېزلەتسەك، بارلىق ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا سېلىپ

چېلەك-چۆگۈنلەر بىلەن سۇ چىقىرىشنى چىڭ تۇتساق، قېنى، بېلىق دېگەن بۇ ساھىبجامال يالىڭاچلىنىپ ئالدىمىزغا كەلمەي قالامدۇ؟

— دانا گەپ، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ زادى.

— لېكىن، شۇنچە چوڭ كۆلنىڭ سۈيىنى قانداق يىغىشتۇرۇپ بولغىلى بولىدۇ؟

— بوستانكۆلنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تەكلىماكان چۆلى سۇغا تەشنا، — ھاكىم كەسكىن بۇيرۇق قىلدى، — بىز سۇنى شۇ تەرەپكە ئېقىتىۋەتسەك بولىدۇ. باشقا پىكىر بارمۇ؟

— ...

— ئەمىسە شۇنداق بېكىتتۇق. بوستانكۆل كەنتى ئەمگەك كۈچىگە مەسئۇل. جالالباينىڭ كۆلنى بىر قۇرۇقداپ بېلىق دېگەن بۇ كاساپەتنى تۇتماي قويمايمىز، ئەتىدىن باشلاپ ئىش باشلانسۇن!

زالدىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى.

— سۇ چىقىرىشقا بارغان دېھقانلارغا ئىدىيىۋى تەربىيىنى راسا بېرىپ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ۋاڭشۇجى، — بىرەر-يېرىم تال بېلىقنىڭ قاقتى-سوقتى بولۇپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك. ئۇ دېگەن خەلقنىڭ مۈلكى!

يىغىن تۈگىدى. ھەر قايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى زالدىن چىقىشقا باشلىدى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن غەلەمەتشاھ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدى.

— كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتىدىغان بۇنداق ئىشنى مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن.

— كۆرىدىغىنىڭىز تېخى ئالدىڭىزدا بۇرادەر، قانداقتۇر بېلىق ئۈچۈن كۆلنى قۇرۇقداپ قويغان بىلەن، بىكارغا ئاققان ھەر بىر تامچە سۇ ئۈچۈن غايەت زور بەدەللەرنى تۆلىمەي قالمايمىز. ئەتىياز كەلسۇنچۇ قېنى، بۇ كۆلدىن سۇ ئىچىدىغان ئۈچ يېزىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىدۇ.

— ھازىرقى باشلىقلار كۆز ئالدىدىكىنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭلا كويىدا قالدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئورۇنۇشلىرىنىڭ خۇددى قۇدۇقتىكى ئاينىڭ شولىسىدەك نامرات خەلققە ھېچقانداق نەپ بەرمەيدىغانلىقىنى كېيىنچە ھەممە ئادەم تونۇپ يېتىدۇ. ھەي بىچارىلەر، خەلقنىڭ بېشىغا يەنە نېمە كۈنلەرنى سېلىشاركىن؟...

## 13

جالالباينىڭ كۆلى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئۇ يەر-بۇ يەرگە سانجىپ قويۇلغان بايراقلار لەپىلدەيتتى. ۋاڭ-چۇڭلۇق سادالاردىن ھۈركىگەن قۇشقاچلار شاللىق ئۈستىدە ۋەھىمە بىلەن ئۇچۇشماقتا ئىدى. سۇ پومپىلىرى بەس-بەستە سۇ تارتماقتا، چىرايى قارىداپ، قوللىرى چاك-چاك يېرىلغان بوستانكۆل دېھقانلىرى ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا چېلەكلەپ سۇ چىقارماقتا. بۇ ئىشتىن كۆلمۇ، ئادەممۇ، قۇشلارمۇ ۋەھىمىگە چۈشكەنىدى. كەنت-مەھەللە مەسئۇللىرى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ يۈرۈپ ئۇلارغا نازارەتچىلىك قىلماقتا، كۆلنىڭ سۈيى بىر ئىلىك-بىر ئىلىكتىن پەسلىمەكتە ئىدى.

غەلەمەتشاھ مۇردىنىڭكىدەك تاتارغان چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، تۇغان ئۈستىدە چېپىپ يۈرەتتى. بېلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇتۇش باشلانغان ئاشۇ نەس باسقۇر كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلغانىدى. گېلىدىن تۈزۈكرەكمۇ بىر نەرسە ئۆتمەيتتى. قارىداپ گەز باغلىغان لەۋلىرى قاغىنىڭ تۇمشۇقىدەك شور ئۆرلەپ كەتكەنىدى.

ئادەملەرنىڭ بۇ زوراۋانلىقىدىن ئەنسىزچىلىككە چۈشكەن بېلىقچى قۇشلار ئاچچىق چىرقىرايتتى. كۆلدە قىيامەت قايىم بولغاندەك، چېلەكلەرنىڭ تاراڭ-تۇرۇڭلىرى، دۇڭگا تېبىللارنىڭ تاقىلداشلىرى، ئادەملەرنىڭ قىيا-چىيالىرى بېلىقچى قۇشلارنى دەھشەتكە سالغانىدى. قۇشلار دەممۇ دەم ئازلاۋاتقان كۆل سۈيىگە ئېچىنىش بىلەن قاراپ ئېگىز-پەس ئۇچۇشاتتى.

«بېلىقلارنى مۇشۇ كاساپەتلەر ئوۋلاپ بولۇشقانىمىدىكىن» شۇ خىيال بىلەن غەلەمەتشاھ بېلىقچى قۇشلارغا نەپرەت بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ ئىچى كۈندىشىنى كۆرگەن ئايالنىڭكىدەك ئاچچىققا تولدى. ئۇ ئاچچىقىدا يەردىن بىر تال خىش پارچىسى ئالدى-دە، قۇشلارغا ئاتتى.

— ھۇ تىرىكتاپىلار، ئاناڭنى...

ئىشخانا تەرەپتىن بېرىلگەن ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى غەلەمەتشاھنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى-دە، ھاكىمنىڭ پارقىراپ تۇرغان ماشىنىسىنى كۆردى. ماشىنىنىڭ يېنىدا تەنەھەرىكەت شەپكىسى كىيىۋالغان سۇلتان غازى ھاكىم قاراپ تۇراتتى. ھاكىمنى كۆرۈپ غەلەمەتشاھ بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ھاكىمنىڭ ئالدىغا باردى.

— نېمە قىلغىنىڭلا بۇ غەلەمەتشاھ؟ —

دېدى ھاكىم ئاچچىق بىلەن، — سىلىدىن ناھايىتىمۇ زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ بۇ يەرگە مەسئۇل قىلغانىدىم. لېكىن ئىشلار مېنىڭ كۈتكىنىمدەك بولماي قالدى ئاداش، بېلىقلارنى نەگە ئاپاردىڭلار؟ قايسى بازاردا تۆكمە قىلدىڭلار؟ ئىسسىت، ئىسسىت، كۆلنى نوقتا قىلىپ تۇتماسام بوپتىكەن. مېنىڭ يۈزۈمنىمۇ يوق قىلدىڭلا مانا.

غەلەمەتشاھ تىترەپ كەتتى، نېمە گەپ ئۆزى بۇ؟ بېلىقلارنى نەگە ساتتىڭلار دەۋاتقىنىنى، مەن بۇ كۆلدىكى بېلىقلاردىن بىر تال تۇتۇپ يەپ باققان يېرىم بارمۇ؟ ھەي...

— كالاچىنىڭ تۆشۈكىدەك قاراپ تۇرسىلىغۇ، — ھاكىم ئۇنىڭ سۈكۈت ئىچىدە قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جىگەردەك قىزىرىپ قارىدىغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كۆلگە قانچىلىك مەبلەغ سالغىنىمىزنى بىلەمسىلەر؟ ناھىيىمىزنىڭ ھەممە ئۈمىدى مۇشۇ كۆلدە ئىدى. بۇ ئۈمىد سىلىنىڭ قولۇڭلىدا كۆپۈككە ئايلانسا ئىچىڭلار سىيرىلمامدۇ؟ ناھىيىمىزدىكى ئاتمىش مىڭ نامراتقا قانداق جاۋاب قايتۇرىسىلە؟

غەلەمەتشاھنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ھەددىدىن زىيادە ۋەزنى بار بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ بېشىغا چاقماق بولۇپ چۈشتى. ئۇنىڭ مېڭىسى چاراسلاپ كەتتى، غەلەمەتشاھ بېشىنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە يەرگە موكلا چۈشتى. ھاكىم يەنە بىرمۇنچە قاتتىق-قۇرۇق گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

غەلەمەتشاھ شۇ ئولتۇرغانچە ئورنىدىن تۇرمىدى. چۈشتە تاماقمۇ بارمىدى. ھەممە ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئال-

دراش ئىدى. غەلەمەتشاھنىڭ ھالىغا يەتكۈدەك، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغۇدەك ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. كەچكە يېقىن ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، ئېگىنىگە چاس ـ چۇس قىلىپ ئىككى تەستەك سېلىۋەتكەندىن كېيىن توغاننى بويلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆرۈشكە، تۇتۇپ بېقىشقا شۇ قەدەر تەشنا بولغان بېلىق تېخىچە ئۆزىنى كۆرسەتمىگەنىدى.

ۋەزىپە ئېغىر بولغاچقا جالالباينىڭ كۆلىدە كېچىسىمۇ ئىش توختىمىدى. چېلەكلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئاۋازلار ۋە كىملەرنىڭدۇر ۋارقىراپ بىر ـ بىرىنى تىللىغان ئاۋازلىرى كېچە قوينىدا يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. كىمدۇر بىرى ناھايىتىمۇ مۇڭلۇق بىر ناخشىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋارقىراش ـ جارقىراشلارمۇ بىر ئاز بېسىقتى. ھەممە ئاشۇ نامەلۇم ناخشىچىنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك كۈيىگە دىققىتىنى بەرگەندەك ئىدى. تاڭ ئاتتى. كېچىچە بېسىلمىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بارغانچە ئەۋجىگە چىقتى. جالالباينىڭ كۆلى يەنە جانلىنىپ كەتتى. ئىش تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاشلا جىددىي رەۋىشتە داۋام قىلماقتا ئىدى. غەلەمەتشاھ توغان ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئۇيقۇسىزلىقتىن گەمىدەك ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنى ئالدى تەرەپكە تىكتى، كىشىلەر بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ غەۋغا قىلىشماقتا ئىدى. ئالامانىنىڭ ئۈستىدە «زەربىنىسا... زەربىنىسا... زەربىنىسا...» دېگەن بىر سادا ياڭرىماقتا ئىدى. ئۇلار نېمىگىدۇر مۇلاھىزىلەرنى قىلىشاتتى، قوللىرىدىكى چېلەكلەرنى تاشلاپ ئاشۇ توپنىڭ ئىچىدە تۇرغان بىر نەرسىگە قىزىقىپ بويۇنداپ قارىشاتتى.

غەلەمەتشاھ ھەيران بولۇپ شۇ تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنىڭچە بولغاندا كۆلدىن چوقۇم بىرەر بېلىق چىققان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ يېتىپ كېلىپ توپلىشىۋالغانلارنى نېرى ـ بېرى ئىتتىرىپ توپنىڭ ئارىسىغا قىستاپ كىردى. ئۇ يەردە بېلىگە يوغان ئىككى تاشنى تېڭىۋالغان بىر ئايالنىڭ جەسىتى ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. جەسەت سۇدا خېلى ئۇزۇن تۇرغان بولسا كېرەك، چىرىپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن ئادەم چىدىغۇسىز سېسىق پۇراق تارقىلاتتى.

— بىچارە ئاخىرى ئارام تېپىپتۇ ـ دە.

— خوۋلۇقنى كۆرەلمىگەن ھاياتتىن ئۆلگىنىمۇ ياخشى.

— جالالباي خېلىلا ئىنسابىي بار، كىشى ھەققىدىن قورقىدىغان ئادەم ئىدى. بىزلەر بىر ئۆرۈلۈپلا ئۇنىڭ يۈزىگە قازان قارىسى سۈركىدۇق. ئۇ بەرگەن ئاشنىڭ يۇندىسىنى بېشىغا تۆكتۇق. بىچارە بىئەجەل كېتىپ قالدى. بىز جالالبايغا ھەرگىزمۇ يۈز كېلەلمەيمىز.

— قارىغاندا جالالباينىڭ روھى بىزنى ئۇرۇپتۇ. شۇڭا بېلىق غايىپ بولغان گەپ.

بىر نەچچە مويسىپىت كىشى بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ ئۆز ئارا مۇلاھىزە قىلىشىۋاتاتتى. غەلەمەتشاھ ئۇلارغا مۇنداقلا قاراۋەتكەندىن كېيىن يەنە ھېلىقى جەسەتكە قارىدى. كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن جەسەت ئۇنىڭغا پارتلىماي قالغان بومبىدەك كۆرۈندى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا جەسەتكە يېقىنلاشتى.

دەل شۇ چاغدا غەلەمەتشاھنىڭ كۆزىگە غايەت زور بىر پارچە ئوت كۆرۈندى. ئارقىدىنلا ھەممە نەرسە — توپلىشىپ

تۇرغان ئادەممۇ، لايلىرى پېتىقىشىپ تۇرغان كۆل سۈيىمۇ، تومپىيىپ تۇرغان جەسەتمۇ قىپقىزىل كۆرۈندى. گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن ئاشۇ بومبا پارتلىغاندەك بىر خىل سېزىم ئىچىدە تۇرغان غەلەمەتشاھ بېشىغا جەسەتنىڭ قولى كېلىپ تەگكەندەك ھېس قىلدى-دە، ئۆزىچە قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— بېلىق، بېلىق، سېسىق بېلىق، ئاناڭنى...

غەلەمەتشاھ ھەم كۈلگەچ ھەم بېلىق دەپ ۋارقىرىغاچ توغاننى بويلاپ يۈگۈرەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى كۆكتە ئېچىنىشلىق چىرقىراپ يۈرگەن بىچارە بېلىقچى قۇشلارنىڭ ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

14

غەلەمەتشاھ ساراڭ بولۇپ قالدى. ئۇ تىتما-تىتما يىرتىلغان كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن توغاننى بويلاپ تىنىماي يۈگۈرەيتتى، بىر چاغلاردا ئۇنى قۇترىتىپ ئارام بەرمىگەن، كىشىلەر ئالدىدا شەرمىساز قىلىپ تاشلىغان ھەممە ئەزالىرى يىرتىق ئىشتان-كۇسارلاردىن «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماستىن: «بېلىق، بېلىق، سېسىق بېلىق، ئاناڭنى...» دەپ ۋارقىرايتتى. دۆكمۇ-دۆك، چوڭقۇرمۇ-چوڭقۇر يۈگۈرەيتتى. بەزىدە چىپ-چىپىدە توختاپ، سۈيى قالغان جالالباينىڭ كۆلىگە ئېچىنىش بىلەن قارايتتى. بەزىدە ئوزۇقلۇق قالمىغاچقا بۇ يەرنى تاشلاپ قاياققىدۇر غايىب بولغان بېلىقچى قۇشلارنى ئىزدىگەندەك، چۆلسىرەپ تۇرغان كۆل ئاسمىنىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. سوغۇق دەممۇ-دەم بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن كۆل بويىدا يۈگۈرەپ يۈرەتتى.

يەنىلا سۇلتان غازى ھاكىم ئۇنى تاشلىۋەتمىدى. تەشكىل غەلەمەتشاھقا كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇنى نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويدى.

ھەش-پەش دېگۈچە قىش كەلدى. بۇ يىلقى قىشنىڭ مۇدھىش سوغۇقى ھەر قانداق بىر يىلنىڭكىدىن قاتتىق بولدى. كوچىلاردا توڭلاپ ئۆلگەن ئىتلارنىڭ، توك تېزەكتەك قېتىپ كەتكەن قوي-قوزىلارنىڭ ئۆلۈكى تاشلىنىپ ياتاتتى. بوستانكۆل ئاشۇ سوغۇق ئىچىدە توڭلاپ ئۆلەي دەپ قالغان مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپلا قالغانىدى.

ئەتىياز كەلدى. سۈيسىز ئېرىق بويلىرىدا ئاندا-ساندا قومۇش-قىياقلارنىڭ بىخچىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوستانكۆل مەھەللە كومىتېت ئىشخانىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان رادىئو كانىيىدىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشى ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى.

— جىددىي ئۇقتۇرۇش، ھەر قايسى يېزا-بازارلىق پارتكوم خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە. ئەتىياز پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن ناھىيىمىز پەۋقۇلاددە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئەتە قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇپ ئاپەتنى ئازايتىش يىغىنى ئاچماقچى...

جىددىي ئۇقتۇرۇش ئۈچ قېتىم ئاڭلىتىلغاندىن كېيىن، رادىئو كانىيىدىن «شادىيانە» دېگەن مۇزىكا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەمما تەبىئەت تېخىچە خامۇش ھالەتتە بولۇپ، دەھشەتلىك سوغۇقنىڭ مۇدھىش ئۇيقۇسىدىن تېخىچە ئويغىنالمىغاندەك ئىدى.

1996 - يىلى ئۆكتەبىر، خوتەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئۇرايىم گېجەك

(ھېكايە)



ئۇرايىم گېجەكنىڭ ئىشلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. شۇڭا داشىمالىقلار ئۇنىڭ كۈلكىلىك، يۇمۇرلۇق ھېكايىلىرىنى كوچا-رەستىلەردە، توي - تۆكۈن پەتىلەردە، بولۇپمۇ سۇ قۇرۇلۇش ئەمگەكلىرىدە تولا ئېيتىپ يۈرگەچكە، بۇ قىزىق ئىشلار ھازىرقى ۋاقىتتا كونا ئىشلار، يەنى قىزىقى قالمىغان تېتىقسىز گەپلەرگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن رەنجىگىلى بولامتىمۇ؟ قىزىق ئىشلارنى گېجەك قىلغان بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدىكى قىزىق سۆزلەرنى داشىمالىقلار قاملاشتۇرۇپ قانات- قۇيرۇق چىقىرىپ ئەتراپتىكىلەرگە تارقىتىدۇ. قايسى بىرى گېجەكنىڭ يېقىندا قىلغان قىزىق ئىشلىرىنى كۆرۈپ قالسا گويا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، دەرھال بۇ ئىشنى كۆرمىگەنلەرگە ئېيتىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە گېجەكنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرىكى ئۇستۇن مەھەللىلىك تۇل ئايال زۇۋەيدىخانىغا

www.uyghurkitap.com



«كۆيۈپ قالدىم» دەپ، ئۇنىڭ ئىش-كۈش-لىرىنى قىلىپ يۈرگەندە قىلغان بىر قاتار قىزىق ئىشلىرىنى تىلغا ئالمىساقمۇ، ئۇنىڭ زۇۋىدىخانىنىڭ ئىككى چارەك بۇغدىيىنى تارتىپ بېرىش ئۈچۈن غازلىقتىكى تۈگمەنگە كېلىپ كاھالە بېشىدا سۆگەتنىڭ يىلتىزىغا يۆلىشىپ بۇغداينى نوغا قويۇپ بەرگەنلىكىنى، كېيىنكى يىلى زۇۋىدىخانىنىڭ ئاق مۈشۈكىنى قارا رەڭدە بوياپ بوز مۈشۈك بىلەن تالاشتۇرغانلىقىنى ھەممە كىشىلەر بىلىدۇ. ئۆتكەن يىلقى ئىشچۇ تېخى. ئۇ چاغدا گىجىك بىر قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە كىشىلەر بەكمۇ ھەيران قېلىشقانىدى. ئۇلار بىر - بىرلەپ كېلىشىپ، ھارۋىدىكى نەرسىلەرگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى. ھارۋىدا باشقا نەرسە ئەمەس، دەل مۈشۈ مەھەللىدىكىلەرنىڭ كەكە - پىچاق، كەتمەن - ئوتىغۇچ قاتارلىق پارچە-كەستە نەرسىلىرى ئىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ يىتتىكىنىگە ئون نەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. بەزىلىرى ئالدىنقى كۈنىلا يوقالغانىدى. كىشىلەر گاڭگىرىشىپ تۇرۇشقاندا گىجىك:

— ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، ئەسلىدە بۇ نەرسىلەرنى سىلەرگە تارقىتىپ بەرمەي بازارغا ئاپىرىپ گۆشگىردىگە تېگىشىپ يەۋەتسەممۇ بولۇۋېرەتتى. ئەمما - زە، كۆڭلۈم قويمىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى مەن يول بويىدىن، ئېتىز-ئورەكلەردىن تېپىۋالغان. بۇلارنى ئەركە - نايناق باللىرىڭلار ئويۇنغىلى ئېلىپ چىقىپ كېيىن ئېلىپ كېتىشنى ئۇنۇتقان گەپ. يەنە بەزىلىرىنى بۇندىن كېيىن ھويلىدا قويمىسۇن دەپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن مەن ئېلىپ كەتكەن. ئېسىڭلاردا باردۇ، ھوشۇركام بىلەن ھاشىم تازنىڭ ماجىراسى بىر دانە كەكىدىن كېلىپ چىققانىدى. گىجىگىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلار «دۇرۇس» دېيىشكىنىچە باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭدىن رازى بولۇشۇپ كېتىشكەنىدى. «ھالۋىنى كۆپ يېسە زاڭ تېتىيدۇ» دېگەندەك ھازىرقى كۈنلەردە گىجىگىنىڭ قىزىق ئىشلىرى باشقىلارغا قىزىق تۇيۇلمايدىغان بولدى. بۇ دېگەنلىك «گىجىك» دېگەن ئىسىم ئىستېمالدىن قالدى دېگەنلىك ئەمەس. چەت ئەللىكلەر «جۇڭگو» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىسا كۆز ئالدىغا دەرھال جۇڭگولۇقنىڭ ئېپتىخارى بولغان سەددىچىن سېپىلى كەلگەندەك بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرمۇ «گىجىك» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنىڭ ماكانى داشمان كەنتىنى ۋە ئۇنىڭ ئالا بويىنقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىدۇ.

داشمان كەنتى بۇ يۇرتنىڭ غەربىي چېتىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بىر پارچە بوستانلىق بولۇپ، بۇ يەردىكى دېھقانلار قەدىمدىن بۇيان يەر تېرىپ، كالا-قوي بېقىپ، توخۇ-كەپتەر كۆندۈرۈپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ بۇ خىلۋەت ماكاننىڭ قىزىقچىسى بولۇپ قالغان گىجىك ئۆزىنىڭ جاھىللىقى بىلەن چارۋا ئورنىغا ئىت، تېرىقچىلىق ئورنىغا ئوقەتچىلىكنى ئالماشتۇرغىلى ئون نەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قىزىق ئىشلىرى ئەنە شۇ يىللار ئىچىدە يۈز بەرگەنىدى.

گىجىك — قىرىق بەش ياشلاردىن ھالقىغان ئېگىز بويلۇق، يۈزى بىلەي تېشىدەك سوزۇنچاق، كۆزى سېغىز لايغا چۈشۈپ كەتكەن جىگدىنى ئەسلىتىدىغان قارامتۇل كىشى ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئىسمى ئې-

راھىم (كىشىلەر جانلىق تىلدا ئۇرايىم دېيىشىدۇ) لەقىمى قوتاز بولسىمۇ داشمانلىقلار ئۇنىڭ جاھىل، تېرىككەكرەك مىجەزىنى نەزەرگە ئالدىمۇ ئەيتاۋۇر لەقىمىنى «گىجىڭ» گە ئۆزگەرتىپ قويۇشتى. بارا - بارا «ئۇرايىم» مۇ چۈشۈپ قېلىپ «گىجىڭ» ئۇنىڭ ئىسمى بولۇپ قالدى. ئۇ داشمان كەنتىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئاتا مىراس ئۆيىگە ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىپ، ئىككى-ئۈچ كۈن تۇرۇپ يەنە نەلەرگىدۇر كېتىپ قالاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئالا بويناق ئىتىنىڭ باش بېغىنى بېلىدىكى رەڭگى ئۆچكەن پوتىسىغا باغلاپ مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك يېپىشىدىغان كىچىك باللار بىر-بىرىگە ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشىپ كەينىدىن ئەگىشەتتى.

— ھاي... ھاي...ھارامتاماقلار! كەينىمدىن سايەمدەك ئەگىشىپ يۈرۈشمەي ئۆيلىرىڭگە كېتىشسەڭ بولمامدۇ! ئاناڭ ئۇسسۇپ قويغان ئۇماچ ئۇيۇپ قالغىلى نەۋاخ، - دەپ قوياتتى گىجىڭ مۇشۇنداق چاغلاردا بىر ئاز تېرىكىپ. باللار يەنىلا خىرامان ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭاتتى.

— ئالا بويناق، ماۋۇ ھارامتاماقلار كەينىمدىن يەنە ئەگەشسە تېشىنى سۇغۇرىۋال! - دەيتتى گىجىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمىغان ھالدا قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ. باللار ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى ھەيۋىسىگە كۆنۈك بولغاچقا:

ئالا بويناق،
قوڭى شاتىراق.

دېيىشكىنىچە ئالا بويناققا چالما ئېتىشاتتى. مانا مۇشۇ چاغدىلا ئۇنىڭ گىجىڭلىقى قوزغىلىپ ئەرۋاھى ئۇچاتتى-دە، ئالا بويناقنى باللارغا كۇشكۇرتۇپ، ئۇلارنى قوشتىن بوشانغان كالىلاردەك تەرەپ - تەرەپكە قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى. چوڭلار ۋە تەڭتۇشلىرى ئۇنى كۆرگەندە:

— گىجىڭ، ئوقەت قانداقراق؟ - دەپ سورىشاتتى.

— قەدىر ئەھۋال، ئىشقىلىپ سەن مۇتەھەملەرگە يېلىنمايمەن، - دەيتتى گىجىڭ ھىجىيىپ. لېكىن مەھەللىدە بىرەرسى ئۇنىڭ سىرتتا قانداق ئوقەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. گىجىڭمۇ بۇ ھەقتە گەپ قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ داشمانلىقلار پات - پات گىجىڭنىڭ ئۇنى - بۇنى تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ سۆيۈنچە ئالغانلىقىنى، لاتارېيىدىن ئامەتى كېلىپ ئۇنىڭغا ۋېلىسىپىت چىققانلىقىنى، ئىتتالاشتۇرۇش سورۇنىدا باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ زەخىملەنگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىشاتتى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشلىرى داشمانلىقلار ئۈچۈن تولىمۇ قىزىقارلىق بىلىنەتتى.

× ×

داشمان كەنتىنىڭ تومۇز كۈنلىرى تولىمۇ دىمىق ھەم جىمجىت بولىدۇ. كەنتىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى قۇم بارخانلىرى قۇياشنىڭ كۈچلۈك تەپتىدە كۆيۈپ، بەئەينى گۈلخانغىلا ئوخشاپ پۈتۈن ھاياتلىقنى ھالسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئادەملەرنىڭلا ئەمەس، چارۋىلارنىڭ، ئائىلە قۇشلىرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرىمۇ جىمىپ قالىدۇ. يېشىللىقنىڭ بىردىنبىر شاھىتى بولۇپ كېلىۋاتقان جىگدىلەرنىڭ كۈمۈشرەڭ يوپۇرماقلىرىمۇ سولۇشۇپ كېتىدۇ. مۇن-

www.uyghurkitap.com



داق كۈنلەردە كوچا دوقمۇشلىرىدا، ئۆرۈك، ئۈجمە سايىلىرىدا ياماق ياماش، كەتمەن سېپى ياساش؛ پىچاق - كەكە چاقلاش قاتارلىق پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلغاچ گۇڭ - مۇڭ پاراڭغا چۈشىدىغانلارمۇ بولمايدۇ. مەھەللىنى بېشىغا كىيىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ ئوينايدىغان بالىلارمۇ يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشىشىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىدا ئۇيقۇغا كېتىشىدۇ. ئەمما بۇ كۈنلەردە گىجىك نەگىدۇر كېتىپ، مەھەللىدە كۆرۈنمەيدۇ.

لېكىن بۇ يىلقى تومۇز كۈنلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشىمىدى. كۈتۈلمىگەندە يېزىدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، بارلىق ئەرلەر مۇداپىئە توسمىسىدا ئىشلىگەچكە، مەھەللىدىكى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشىگە توغرا كەلگەنىدى. داشمان كەنتىدە ئۆتكەن يىلىدىكىگە ئوخشاشمايدىغان ھالدا ھاياتلىق سادالىرى ياڭرىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە گىجىك مەھەللىگە پەيدا بولدى. ئۇنى بۇ قېتىم كۆرگەنلەر بۇرۇنقىدەك چاقچاق قىلىش ياكى ئادەتتىكى ئەھۋال سوراپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، باشلىرىنى چايقاپ، ئۈن - تىنىسىز تۇرۇشتى. بەزىلەر گىجىكنىڭ تۇرقىغا قاراپ «ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ...» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر «نەدىكىنى، گىجىككە خۇدايىم ئوڭ كۆزىدە بېقىپتۇ. ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى بىر قورۇلۇشتا ئىشلىگەن ئىكەن، ئاشۇ قورۇلۇشنىڭ ئورنىدىن ئۇ نېمىگە مۇشتۇمدەك ئالتۇن ئۇچراپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بايۋەچچىدەك كۈن ئۆتكۈزەرمىش» دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ بۇ قېتىم گىجىك مەھەللىگە بۇرۇنقىدەك ناسىرەڭ دىكا

يەكتىكىنىڭ بىر پېشىنى پوتىسىغا قىستۇرۇپ، مويلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن تەلپىكىنى ياڭغا قىيسايتىپ كىيىپ، ئالا بويناققا ماڭدامدا بىر قېتىم پارچە - كەستىلەرنى تاشلاپ بېرىپ ئەمەس، بەلكى ساقال - بۇرۇتلىرى پاكىز ئېلىنىغان، ئۈستىگە خورمارەڭ سارجىدا شىم - كاستۇم، بېشىغا قايماق رەڭلىك شىلەپە، پۇتىغا خۇرۇم ئاياغ كىيىپ سالاپەت بىلەن كىرىپ كەلگەنىدى. ئالابويناقمۇ باش بېغىدىن ئازاد ھالدا ئەركىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن كىشىلەر لەۋ يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمىدى. كىچىك بالىلارمۇ بۇرۇنقىدەك ھاياتلىق قىلالماي گاڭگىرىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گىجىك ئەزەلدىنلا بۇرۇنقى سىياقتا بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ مەھەللىدە «گىجىك ساۋۇت قارىمنى زىۋىدىخاننىڭ ئۆيىگە ئەلچى قىلىپ كىرگۈزۈپتۇ، مۇبادا زىۋىدىخان قوشۇلسا پات ئارىدا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغۇدەك» دېگەن خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداقتىمۇ بۇ خەۋەر ياشلارنى جەلپ قىلغان بىلەن مەھەللىنىڭ مۆتىۋەرى ساۋۇت قارىمنى جەلپ قىلالمىدى. ئۇ ئۆزىدىن سورىغۇچىلارغا ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ:

— گىجىك زىۋىدىخان بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالسا نېمە بولاتتى. ئۇمۇ ئەرغۇ. سىلەر كىچىك، بىلمەيسىلەر. گىجىكمۇ ئۆز ۋاقتىدا تىرناقتا توختايدىغان قىران يىگىت ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە جۈدەپ كەتتى.

ئىلگىرى بىز ئۇنى كەڭسايلىق بىر
چوكان بىلەن تويلاپ قويغانىدۇق. ئۇ-
زاق ئۆتمەي چوكان گېچەكتىن يۈز ئۆ-
رۈپ كېتىپ قالدى. كېيىن ئاڭلىسام گېچەك
ئۇنى بۇرۇنلا تالاق ئەتكەنىكەن. ئۇ
چاغلاردا بالىلار ئاتا-ئانىسىنى تىللاپ
ھاقارەتلەيدىغان، بىر تۇغقان قېرىندا-
شلار بىر-بىرىگە تىغ كۆتۈرۈپ ماجى-
را چىقىرىدىغان ئىشلار كۈندە يۈز بې-
رىپ تۇراتتى. ئاشۇ كۈنلەردە گېچەك
بېشىغا بالا تېپىۋالدى. كەنت مەسئۇل-
لىرى ئىت ئۆلتۈرىمىز دەپ مەھەللىدىكى
بارلىق ئىتلارنى يىغىپ ئېسىپ ئۆلتۈ-
رۈۋاتقاندا گېچەك بىر ئىتنى غەلەت
قىلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا
«ياخشىسى بۇ ئىتنى كەڭسايدىكى دا-
داڭلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايلى»
دەپ يېلىنغانىكەن، ئايالى «ماقۇل»
دەپ قويۇپ كەنت مەسئۇللىرىغا ئەھ-
ۋالنى مەلۇم قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گې-
چەك ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ،
بىر يىلغا يېقىن مۇشەققەت تارتتى.
ئاخىر گېچەك «ماڭا خوتۇن ۋاپا قىل-
مايدىكەن» دەپ خوتۇنىنى تالاق ئېتىپ
مۇشۇنداق سالپا ئاياغ بولۇپ كېلىۋا-
تىدۇ، ئەمما-زە، ھازىر جاھان ياخشىلان-
دى. ئۇ زىۋىدىخان بىلەن توي قىلسا
بەختى كۈلىدۇ، - دېدى. «بۇ ئېشەككە
مەڭگۈز چىققاندەك بىر ئىش بولماسمۇ»
دېيىشەتتى بۈگۈن ئەتىگەندىلا كېۋەز
ئوتاشقا چىقىپ ئېرىق بويىغا توپلى-
شىۋالغان چوكانلار، شۇ تاپتا ئۇلار ئال-
دىراش بولسىمۇ گېچەك ھەققىدە پا-
راڭلىشىشتىن ئۆزلىرىنى چەكلەپ قا-
لالمىدى. دائىم قىزىقچىلىق قىلىپ ھەم-
مەيلەننى كۈلدۈرىدىغان سېرىق چىراي
چوكان بۈگۈنمۇ باشقىلارغا سۆز نۆۋىتى-

نى بەرگىلى ئۇنىمىدى:

— گېچەكنى بوش چاغلىماڭلار. كۆز-
گە ئىلىنمىغان چوماق قاڭشارنى يېرىپتۇ
دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، زىۋىدىخان
ئۇنىڭغا تېگىپ ھەممىمىزدىن بەخت-
لىك بولۇپ كېتەمدۇ - تېخى كىم بىلى-
دۇ؟ - دېدى ئۇ يېنىدىكى ياغاق يۈز-
لۈك چوكاننىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىنى ئوي-
ناپ تۇرۇپ.

— زىۋىدىخان قوشۇلمىغاندۇ؟ - سو-
رىدى پاكار بويلۇق چوكان قولىدىكى
چۆپنى تاغىرىغا سېلىپ تۇرۇپ.

— ئاڭلىسام زىۋىدىخان «گېچەك بۇ-
نىڭدىن كېيىن ئىت باقمىسا ھەم يەنە
ئوقەتچىلىك قىلماي دېھقانچىلىق قىل-
سا مەيلى توي قىلاي» دەپتۇ.

— ھەتتاڭەي، زىۋىدىخانىنىڭمۇ ئۆزى-
گە چۈشلۇق چىرايى بار. ھاشىم تاز ئۇ-
نىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلمىغان بولسا بۇن-
چە جۇدەپ كەتمىگەن بولاتتى. ھازىر
تۇغمىغان بىلەن كېيىنچە تۇغۇپمۇ قا-
لار ئىدى. مېنىڭ ئاپاممۇ ئەللىك ياش-
قا ئۇلاشقاندا ئاندىن تۇغقانىكەن.
ئەمدىلىكتە ئۇ گېچەك بىلەن توي قىل-
سا قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر ياس-
تۇققا باش قويغۇسى كېلەر-ھە! راستى-
نى دېسەم مەن گېچەكنىڭ چىرايىدىن
تولىمۇ قورقىمەن.

— ئۇنچە دەپ كەتمە سېرىق ئوت،
ئېرىڭ ياقۇپمۇ ئۇنچە چىرايلىق ئە-
مەسقۇ. «ئەردىن چىراي سورىماي ۋاپا
سورا» دەپتىكەن كونىلار. ئېرىڭ بول-
مىسا بىر خاپىلىق ئادەمگە، يالغۇزچى-
لىقتا ئۇيقۇڭ قاچقان...

— ھوي داپ يۈز، ئېرىڭنى كۆرگۈڭ
كەپتۇ - دە، سېنىڭ!

— ئۇنى بىر سورىما. ئۇ دوقا پېشا-

نە بىر ھەپتىدىن بۇيان چۈشۈمگە كىرىپ، ئۇيقۇمنى ھارام قىلدى.

— ھا... ھا... ھا... ماۋۇ قېلىنىڭ گەپلىرىنى!-ياڭراق كۈلكە ساداسى بىپايان ئېتىزلار باغرىدا يىراق-يىراقلارغا كەتتى. ئارىدىن ياغاق يۈزلۈك چوكان كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ:

— ھەي، قېلىنلار، ئاڭلىسام رۇستەم خارەت بىلەن زىۋىدىخاننىڭ چاتىقى بارمىش، — دېدى پەس ئاۋازدا.

— رۇستەم دېگەنگۇ ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان نېمە، ئەمما ئۇنىڭ خوتۇنى رابىخانمۇ زىۋىدىخاندىن چىرايلىققۇ. ھەي، ئەر خەق دېگەنزە، — سېرىق چىراي چوكان سۆزىنى توختىتىپ لېۋىنى يېنىك چىشلەپ قويدى.

— سىلەر ئاڭلىماپسىلەردە، رابىخان تۇغماسلىقتا سەۋەب قىلغاندىن بېرى ھېلىقى ئىشنى خالىماس بولۇپ قاپتىمىش.

— قايسى ئىشنى؟—سورىدى چەتتىرەك تۇرغان ۋىجىك چوكان تويقا يېقىنلىشىپ.

— ۋاي دىۋەك، ئېرىنىڭ ھاشارغا كېتىپ ھەپتە ئۆتمەستە ئىش ئۇقماس بولۇۋالغىنىڭنى قارا. قايسى ئىش بولاتتى، ھېلىقى يوتقان ئىچى توپىلىڭچۇ! ھا... ھا... ھا...

— ۋاھ! بۇقساپ قاپتۇ ماۋۇ سېرىق،— ئەتىدىن بېرى زۇۋان سۈرمەي تۇرغان زىلۋا بويلۇق چوكان شۇنداق دەپلا قولىدىكى بىر ئورامچۆرگۈن بىلەن سېرىق چىراي چوكاننىڭ ساغرىسىغا بىرنى سالدى. كېيىن ئۇ مەھەللە تەرەپكە قاراپ شادلىق ئىچىدە:

— ئەنە قاراڭلار! ئەرلەر قايتىپ كەلدى! — دېدى. چوكانلار ئۈن يېتىم يىراقلىقتىكى توپىلىق يولدا چاڭ-توزان ئۆرلىتىپ كېلىۋاتقان تراكتورغا قارىشىپ شادلىنىپ كېتىشتى. ئەسلىدە كەلكۈن مۇداپىئە توسمىسىدا ئىشلىگىلى كەتكەنلەر قايتىپ كەلگەنىدى. ھەممەيلەن تاغار-سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تراكتورنىڭ قېشىغا كېلىشكەنىدە ئەرلەر تراكتور كوزۇپىدىن يۈك-تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، يۈز-كۆزلىرىدىكى توپا-چاڭلارنى سۈرتۈشۈپ تۇراتتى. چوكانلار ئەرلىرى بىلەن ئىززەت ھال-مۇڭ ئېيتىشىۋاتقاندا يان كوچىدىن گىجىك چىقىپ كېلىپ ھەممەيلەننى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. كەنت مۇدىرى يۈسۈپ گىجىگىنىڭ تۇرقىغا قاراپ تولىمۇ ئەجەبلەندى بولغاي:

— ھوي، سىلى راستىن گىجىكمۇ! مەھەللىمىزگە خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن كادىرغىلا ئوخشاپ قاپتۇ ماۋۇ ساراڭقېتىمىش.

— كۇسپۇرۇشلار، قانداق، ئىچىڭلار قىزىرىۋاتامدۇ؟ سەككىز پۇڭ يېرىڭنى غاجاپ قەرزگە بوغۇلۇپ ئولتۇرسام ھەممىڭ خۇش بولۇپ كېتەتتىڭ ئەسلىدە. ئەمما-زە، ھازىر گىجىك ئاكاڭنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالدى. سەن بەغەرەزلەر قوم مۇئەككىلى بولۇشۇپ ئولتۇرۇشقىنىڭ بىلەن جاھان ئۆزگىرىپ كەتتى. كادىر دەۋاتقىنىڭنى تېخى! كادىر دېگەنىمۇ چوڭ بىر نېمە ئەمەس، مانا مەندەك ئادەم. قانداق ھاشاردىن ھارماي كېلىشتىڭمۇ؟—گىجىك شۇنداق دېگىنىچە ئەرلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بۇرۇن باشقىلارغا ئانچە تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەيدىغان گىجىگىنىڭ بۇ قىلىقلىرى ھەممەيلەنگە غەلىتە تۇيۇلدى.

— تووۋا، ئادەم دېگەنمۇ كىيىم بې-

لەن ئادەم بولىدىكەن. شۇنچە سەت گى-
جىگىنىڭ چىرايلىق كىيىنىپ، ياش يى-
گىتكىلا ئوخشاپ قالغىنىنى كۆرمەمدى-
غان! - دېدى سەپكۈن يۈزلۈك دېھقان
يېنىدىكىلەرگە پەس ئاۋازدا.

— تەڭگە پۇلدەك يورغىلاپ بىر يەر-
دە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىڭلار گى-
جىڭ، مۇشۇ كەملەردە ئوقەت قىلغىلى
يەنە بارامسىلەر؟ - دەپ سورىدى يۈ-
سۈپ مۇدىر گىجىگىنىڭ تەر ئۆتۈپ كىر-
لەشكەن شىلەپىسىگە قىزىقىپ قاراپ.

— قانداق مۇتەھەم! مەھەللىگە ئى-
زىم چۈشە - چۈشمەي كېتەمسەن، تۇرام-
سەن دېگىلى تۇردۇڭغۇ. مەنمۇ سەنلەر-
نىڭ بوۋىلىرىڭنى ئوتاقچى قىلغان با-
ۋۇدۇن قوتازنىڭ بالىسى. تۇرسام تۇ-
رىمەن، تۇرغۇم كەلمىسە كېتىمەن. ئەمە-
مازە بۇ دورەم تۇرۇپ قېلىشىممۇ مۇم-
كىن. سەن مۇتەھەم كونا قەرزنى تۆلە
دەپ كانىدەك چاپلىشىۋالمىساڭلا، گى-
جىڭ سۆزىنى توختىتىپ زورىدىغا ھىجاي-
دى. كېلەڭسىز بارماقلىرىنى شىمىنىڭ
يانچۇقىغا تىقىپ بوينىنى سوزۇپ قوي-
دى. كېيىن ئۇ يۈسۈپ مۇدىرنىڭ كەي-
نىدىن ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ يۈك - تاق-
لىرىنى ئەستە كۆتۈرۈپ ئۆيگە قاراپ
كېتىۋاتقان رۇستەم خارەتكە قاراپ
قويدى. كۆڭلىدە «ماۋۇ يالاڭتۆشنىڭ
خوتۇنى ئەجەب ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەپ-
تا» دەپ غودۇڭشۇپ قويدى.

× ×

رۇستەم خارەتنىڭ ئايالى رابىخان
ھەقىقەتەن بۈگۈنكىدەك ئېرى سەپەردىن
قايتىپ كەلگەندىلا ئەمەس، ئادەتتىكى
كۈنلەردىمۇ ئائىلىدە كىر-قات يۇيۇش،
تاماق ئېتىش دېگەندەك ئىشلارنى ئۈچ
يىلدىن بېرى قىلالماي، رەھىمسىز كې-
سەلنىڭ چاڭگىلىدا ئىمجان بولۇپ كې-
لىۋاتاتتى. ئۆتكەن يىللاردا رۇستەم
ئۇنى بىر نەچچە قېتىم دوختۇرلارغا، يى-
راق - يېقىندىكى تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ
كېسەللىكە شىپا ئىزدىگەن بولسىمۇ را-
بىخان يەنىلا ساقىيىپ كېتەلمىدى.
رۇستەم ئۇنى داۋالىتىپ كۆڭلى قالغان
كۈنلەردە سەپرا بولۇپ ئانچە - مۇنچە
گەپ قىلىپ قويغانىدىن باشقا رابىخان-
غا كويۇندى، ئۇنى ئاسرىدى. تەسەللىي
بېرىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى. بارا-با-
را ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل بەختسىزلىكىنى
تەقدىرنىڭ كارامىتىدىن كۆرۈپ، دەر-
دىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر
بولدى. لېكىن رابىخانىنىڭ كۆڭلى تو-
لىمۇ پەرىشان بولۇپ رۇستەمنىڭ ھا-
جىتىنى قاندۇرالمىغانلىقىدىن
ئېچىناتتى. «رۇستەم، بىز ئاجرىشىپ كې-
تەيلى، سىز مېنى باقىمەن دەپ ئۆمرى-
ڭىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ. بالىلار
ئۆز يولىدا چوڭ بولىدۇ» دەيتتى رابى-
خان رۇستەم تاماكىسىنى كۈچەپ شو-
راپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان
ۋاقىتلاردا. «ئىككى بالىنى يېتىم قىلىپ
ئاجرىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ماڭا قىلچە يامان-
لىق قىلمىغان تۇرسىڭىز» دەيتتى رۇس-
تەم رابىخانىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ. شۇن-
داقتىمۇ رابىخانىنىڭ رۇستەمگە ئىچى
ئاغرىيتتى. دېمىسىمۇ رۇستەم دېھقانچى-
لىقنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىدىن ھېرىپ -
ئېچىپ ئۆيگە ئاران كەلگەندە يەنە ئۇ-
نى ئائىلىنىڭ پارچە - پۇرات ئىشلى-
رى كۈتۈپ تۇراتتى. ھەر ھالدا رابى-
خانىنىڭ ئانىسى بىلەن ئاچىسى ھەپتە
قاراز كېلىپ نان يېقىش، كىر - قات
يۇيۇش دېگەندەك بىر قاتار ئىشلارنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىپ بىرىپ تۇرمىسا بۇ ئائىلىدىكى يۈكنى رۇستەملا كۆتۈرۈپ بولالمايتتى. رۇستەم تاماكىنى ناھايىتى كۆپ چېكەتتى. بەزى كۈنلىرى تۈن نىسپى بولغاندىمۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى دوڭغاق جىگدە تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى كۆرگەن رابىخان ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى. ئەتىسى ھېلىقى كونا گەپ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە تەكرارلىناتتى. ئەپسۇس، قانداقتۇ بىر غايىۋى كۈچ بۇ بەختسىز ئائىلىنى يەنىلا مەۋجۇت قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

گىجىڭ خاتا ئويلىغانىدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا سىرتلاردا يۈرگەچكە رابىخانىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلمەيتتى. ئۇ كەنت مۇدىرى يۈسۈپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە كەينىگە قايرىلىپ رۇستەمگە قارىدى. رۇستەم ئېتىزلىقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. گىجىڭنىڭ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ئۆچلۈكى كەلدى.

رۇستەم يۈك - تاقلىرىنى ئەستە كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئارامسىز خىياللارغا چۆكمەكتە ئىدى: بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گىجىڭنىڭ پۈزۈر كىيىنىۋالغان ھالىتى پەيدا بولدى. «بۇ يالاكتۆشنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگىنىدۇ» دەپ پىچىرلاپ قويدى. ئۇ خىيال بىلەن ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. يەنىلا بۇرۇنقى ھال... يىراقتىنلا ئۇنىڭ تېۋىشىنى سەزگەن چامبول ھاڭگىسى تاقەتسىزلىنىپ ھاڭرىۋەتتى، ئەگىشىپلا قويلىرى مەرەشكە باشلىدى... ئەنە بالىلىرىنىڭ تاتلىق ئاۋازى... ھويلىدا ئويناپ يۈرۈشكەن ئالتە ياشلىق قىزى بىلەن تۆت ياشلىق ئوغلى «دادا، دادام كەلدى» دېگىنىچە يۈگرەپ چىقىشتى. كاۋا، قاپاق پېلەكلىرى گىرەلىشىپ ھاسىل قىلغان باراڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتا يېنىچە ياتقان رابىخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان رۇستەمنى كۆردى. ئوتتۇرا بوي، چوڭ كۆزلۈك، قويۇق قاشلىق، قوتازنىڭكىدەك توم بويۇنلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن رۇستەم ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنچە يېقىملىق كۆرۈندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىنتىلىۋېدى رۇستەم:

— مەيلى يېتىۋېرىڭ، - دېدى ئۇ ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ. ئازدىن كېيىن رابىخان ئورنىدىن ئاۋايلاپ تۇردى - دە، پىلاتىنى يېپىنىپ ئوچاقنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئاستا-ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى. رۇستەم تاماكا چېكىشكە باشلىدى. توساتتىن بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ياتقان قارا مۈشۈك ئويغىنىپ، پۇتلىرىنى كېرىپ سوزۇلۇۋالغاندىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن رۇستەمنى ئىزدىدى. بىراق ئۇنى ئۆينىڭ ئالدىدىكى دوڭغاق ئۈجمىنىڭ تۈۋىدىن تاپتى.

× ×

گىجىڭ ئەمدى تېخىمۇ قىزىق ئىشلارنى چىقىرىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇ بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى كەنتكە بېرىدىغان تۆت يۈز نەچچە يۈەن كونا قەرزنى بەرگىلى ئۇنىماي يەرنى تاشلاپ بىرىپ ئۇ يەر-بۇيەرلەردە ئېقىپ يۈرگەن، تېخى بىرەر ئاي ئىلگىرى داشمانلىقلارنى تاڭ قالدۇرۇپ پۈزۈر كىيىنىپ يۇرتقا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ «ئەمدى مەن مەھەللىدىن كەتمەيمەن، يەر تېرىيمەن، ئۆيۈمنى يىغىلاپ سالىمەن، خوتۇن ئالىمەن» دەپ پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى.

دەرۋەقە گىجەڭنىڭ ئىشلىرى تو-
رىسىدىكى مىش-مىشلار ئىچىدە ئۇنىڭغا
مۇشتۇمچىلىك ئالتۇن ئۇچرىغانلىقى
يالغان ئىدى. ئۇ ئەسلىدە گىجەڭنىڭ تال-
چوقا سۆزلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.
يەنى ئۇ جاڭگالغا يېقىن بولغان قوش-
دەك يېزىسىدىكى ئىت تالاشتۇرۇش سو-
رۇنىدا ئالابويناقنى يىتتۇرۇپ قويۇپ
ئۇنى ئىزدەش جەريانىدا كۆتۈل-
مىگەن ئامەتكە يولۇققانىدى. شۇ كۈنى
جاڭگال ئېغىزىدا ئۇنىڭغا ئۇچرىغان كى-
چىك سومكا مۇشۇ ئەتراپتا نېفىت چار-
لاۋاتقانلارنىڭ بولۇپ، سومكا ئىچىدىكى
بىرنەچچە زاپچاس ئۇلار ئۈچۈن ئال-
تۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. گىجەك شۇ
چاغدا ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ سومكىنى
ئۇدۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئېلىپ
كەلدى. ناھىيە مەسئۇللىرى ئۇنىڭ
«ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سال-
مايدىغان» خىسلىتىگە يۇقىرى باھا
بېرىپ ئەھۋالنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش
ئۆمىكىگە مەلۇم قىلدى.

ئۇلار گىجەڭغا مۇكاپات تەرىقىسىدە
ئۈچ كالىلىك پۇل بەردى. كېيىن گىجەك
يول ئۈستىدە ئۆزىدىن مۇشۇ ئىش توغ-
رۇلۇق گەپ ئاچقانلارغا «ئىچىڭ قىزى-
رىۋاتامدۇ، گىجەك ئاكاڭنىڭ كۆزى ئې-
چىلىپ قالدى، جاھان ئۆزگەردى، ئا-
كاڭ ھازىر ئالتۇننى كاندىن ئەمەس،
خالىغان يەردىنمۇ تاپالايدۇ. ئاڭلاش-
مىدىڭمۇ، ناھىيە بازىرىغا سالغان ھې-
لىقى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئورنى ئەس-
لىدە ئاكاڭنىڭ بوۋىسىنىڭ زېمىنى ئى-
دى. ئەنە ئاشۇ يەردىن ئالتۇن تېپى-
ۋالدىم: قانداق، بوپتىمۇ؟» دەپ يۈر-
دى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى كەنتكە قانداق
تېز تارالغان بولسا يەنە شۇنداق تېزلا
كونا ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا
باشلىدى. ئۇنىڭ قىزىق ئىشلىرى ئۆز-
لۈكسىز يۈز بېرىپ تۇراتتى. ساۋۇت قا-
رىمنى زىۋىدىخانىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى قى-
لىپ كىرگۈزگەنىدى. «كېيىنچە جاۋابىنى
بېرەي، ئالدى بىلەن مەھەللىدە مۇقىم
تۇرۇشنى، ئەمگەك قىلىشنى ئۆگەنسۇن،
ئىتبازلىق قىلمىسۇن» دېگەن جاۋابقا
ئىگە بولدى. گىجەڭنىڭ بۇ جاۋابتىن
كۆڭلى سوۋۇغاندەك قىلسىمۇ يەنە بىر
تەرەپتىن ئۈمىدلىنىشكە باشلىدى. ئۇ
شۇ كۈنى ساۋۇت قارىمغا: «ئىت باقمى-
سام كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدۇ، ئەم-
مازە باشقا شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى
ئورۇندايمەن» دېگەندە، ساۋۇت قارىم:
«ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، زىۋىدىخان
بىلەن بىر ياستۇققا باش قويساڭ ئىت-
نىڭ ئىشتىياقى يوقايدۇ» دېدى. ئەپ-
سۇس، ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇ «ئۆزگىرىش»نى ئۆزىدىن
ئەمەس زىۋىدىخاندىن كۈتۈشكە باشلىدى.
ئۇ ئۆزىگە قويۇلغان شەرتلەرنى ھا-
زىرلاش ئۈچۈن تاملىرىدا ھۆپۈپ ئۇۋۇ-
لاپ، تورۇسلىرى ئۆتمەتۆشۈك بولۇپ
كەتكەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىنى يېڭىلى-
ۋالدى. كەنت مۇدىرى يۇسۇپكە سەك-
كىز پۇڭ يېرىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغ-
رىسىدا بىر ئايدىن ئارتۇق يېلىنغانى-
دى، ئۇ «ئالدى بىلەن زىممەڭدىكى كونا
قەرزنى تۆلىۋەت! ئاندىن يېرىڭنى بې-
رەيلى» دەپ تۇرىۋالدى. گىجەڭنىڭ رو-
ھى يەنە سۇندى. چۈنكى ئۇنىڭ كونا
قەرزنى ھەرگىزمۇ بەرگۈسى يوق ئىدى.
شۇڭا ئۇ پۇرسەت كۈتۈشكە باشلىدى.

كۈز كۈنلىرى داشمان كەنتى شامال-
بورانىنىڭ كۆپلۈكىدىن كويىغاپقا ئوخ-
شاپ قالىدۇ، شامال قايسى تەرەپتىن

ئۇرمىسۇن مەھەللىگە قومساقچۇ توپىنىڭ ئۇچۇپ كىرىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. بۈگۈن ئەتىگەندىلا كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى سۆگەتكە ئورۇنلاشتۇرغان كانايدىن كەنت باشلىقىنىڭ قىرقىراق ئاۋازى بوران بىلەن بەسلەشكەندەك ياڭراشقا باشلىدى. داشمانلىقلار بىر-بىرلەپ كەنت ئىشخانىسىغا توپلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ تاپتا بۈگۈنكى بۇ جىددىي يىغىلىشتا ئۆزلىرىگە قايسى ۋەزىپىلەرنىڭ يۈكلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلىشاتتى. شۇ ئەسنادا بىرسى: «قاراڭلار، بۈگۈنكى يىغىنغا گىجىگىمۇ كەپتۇ. ئۇ بىرەر قىزىق ئىش قىلىدىمۇ قانداق» دېۋىدى، ئەتراپتىكىلەر باشلىرىنى سوزۇپ باشلىققا سۇگدىشىپ ئولتۇرغان گىجىگگە قاراپ قويۇشتى. گىجىك كىرلىشىپ كەتكەن شىلەپىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بولسىمۇ خېلىلا مەغرۇر كۆرۈنەتتى. كىشىلەر كۆڭلىدە «ئەشكىلىگە تۇتۇق بەرمەي كەلگەن گىجىك ئەجەبا بۈگۈن يىغىنغا قاتنىشىپتۇ، قارىغاندا بۈگۈنكى يىغىن ئىنتايىن مۇھىم بولسا كېرەك...» دېگەنلەرنى كۆڭۈللىرىدىن ئۆتكۈزۈشۈپ ئولتۇرۇشاتتى. كەنت سېكرېتارى ئۇلار كۈتمىگەن يەردىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— يولداشلار! مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئومۇملۇق. مۇقىملىق دېگەن ھەممىمىزنىڭ ئامانلىقى دېگەن گەپ. شۇڭا ئامانلىق خىزمىتى مۇھىم خىزمەت. شۇ كەملەردە كەنتىمىزنىڭ ئامانلىق خىزمىتى ئاجىزلاپ قالدى. ئاڭلىغانسىلەر، بەلباغدىكى ئون نەچچە تۈپ تېرەك ئوغرىلاپ كېتىلدى، يەنە سۇ تالىشىپ ئۇرۇشىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. شۇڭا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى، يېزىلىق پارتكومنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۈگۈندىن باشلاپ يولداش گىجىگنى كەنتىمىزنىڭ ئامانلىق خادىمى قىلىپ تەيىنلىدۇق. كەنتىمىز يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن ئامانلىق خىزمىتىدە مەسئۇلىيەتنامە تۈزۈپ قول قويدۇق. كەنتىمىزدە بىرەر ئەنزە سادىر بولسا بەش يۈز يۈەن جەرىمانە تۆلەيمىز. بولمىسا بەش يۈز يۈەن مۇكاپات ئالىمىز، شۇڭا ھەممىڭلار چاۋاك چېلىپ يولداش گىجىگنى قارشى ئېلىڭلار، — دېدى. يىغىن ئەھلى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قېلىشتى. «توۋا... بۇلارنىڭ كۆزىگە توپا كىرىپ كەتتىمۇ نېمە. بىر توخۇ ئوغرىسىنى ئامانلىق خادىمى سايلىدۇق دەپ يۈرگىنىنى» دېدى بىرسى يېنىدىكىلەرگە پەس ئاۋازدا: «ھېلىمۇ ئەقلى باركەن. يېزا بازىرىدىكى ئابەك يانچۇقچىنى سايلاپ قويسا نېمە دېيەلەيتتۇق. گىجىگنىڭ خېلى جىگىرى بار. مېنىڭچە ئۇ خېلى جايىدا ئىشلەپ كېتەلەيدۇ» دېدى تەمبەل كىشى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

— مازارنىڭ شەيخىدەك ئولتۇرۇشماي چاۋاك چالمامسىلەر! — كەنت مۇدىرى يۈسۈپنىڭ سۆزى ھەممىنى جىملەپ قويدى. شۇنداقتىمۇ چاۋاك چالىدىغانلار يەنىلا چىقمىدى. شۇ ئان گىجىگنىڭ گىجىڭلىقى قوزغالدى - دە:

— قانداقمۇ تەھەملەر، كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدا؟ قورسىقىڭدا گىجىك ئاكاڭنى بۇ مەنسەپكە لايىق ئەمەس، دەپ ئويلىشامسەن؟ پوق يەپسەن. ماڭا بۇنداق ئايلىق بەرمەيدىغان كۇسپۇرۇش مەنسەپنى ئەدەس ھاكىملىقنى بەرسىمۇ كەملىك قىلىدۇ. كۆزۈم ئېچىلىپ قالدي.

جاھان ئۆزگەردى. ھوقسۇپىدەك ئولتۇرماي چاۋاك چېلىشە!

ئۇيەر-بۇيەردىن چاۋاك ساداسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— تۈزۈكرەك چېلىشىمامسەن، چاۋاك چالساڭ ئاناڭنىڭ رىزقى كەملەپ قالامتى؟ -دېدى گىجىك يەنە تېرىكىپ. شۇ ئەسنا كىمدۇ بىرى «كوت» قىلىپ يەل قويۇپ بەردى-دە، ھەممەيلەن بەئەينى قاپاقتىن بۇلدۇقلاپ سۇ تۆكۈلگەندەك كۈلۈشۈپ كېتىشتى. دائىم قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرۈيدىغان گىجىكمۇ كۈلگىنىدىن ئورنىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. كېيىن ئۇ پىستە كۆزلىرىدىكى ياشنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ بولۇپ:

— ئوسۇرغان قايسىڭ ئۇ؟ قوڭۇڭنىڭ يېنىدا ئۆزۈڭ يوقمىدىڭ، -دېۋىدى، كۈلكە ئاۋازى يەنە بىر ھەسسە يۇقىرىلاپ ئەدەۋاتقان بوران بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

× ×

گىجىكنىڭ ئەمدىكى ئىشلىرىدىن داشمانلىقلار تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى. ئۇ داشمان كەنتىگە ئامانلىق خادىمى بولغان يېرىم يىل ئىچىدە كەنتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دەپ بەزى ئىشلارنى قىلدى. دەسلەپتە ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە بىر ئاي ئامانلىق خىزمىتىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ بەزى بىر قائىدىلەرنى ئۆگىنىۋالدى. كۇرستىن قايتىپ كېلىپ داشمانلىقلارنىڭ ئائىلىسىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ، ھەر خىل ھادىسە ۋە مەسىلە كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان يوچۇقلارنى تەكشۈردى. كەنتكە قاراشلىق دەل-دەرەخ ۋە باشقا مۈلۈكلەرگە شەرتلىك بەلگە قويۇپ چىقتى. كېچىلىرى ئالابويناقنى ئەگەشتۈرۈپ مەھەللىنى ئارىلىدى. بىرەرسى ئۇچراپ قالسا:

— قايسىڭبۇ! شۇنچە بىمەھەل بولسىمۇ ياتماي نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ گىجىك ئاكاڭنىڭ تەستىكىنى تېتىمىي باقاي دەمسەن-يا! -دەپ قوياتتى.

داشمانلىقلار گىجىكنىڭ ئۆزلىرىگە ئامانلىق خادىمى بولغانلىقىدىكى سەۋەب ئۈستىدە شۇنچە غۇلغۇلا قىلىشىپ باققان بولسىمۇ بىراق تېگىگە يېتەلمىدى. بەزىلەر: «گىجىك بۇرۇندىن باشلاپ مەھەللىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەچكە تەشكىل ئۇنى تاللىغان گەپ» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: «گىجىك ئۇلارغا پۇل سۇڭغۇتكەن گەپ» دېيىشتى. ئۇلار ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىپ يۈرگەن بىلەن گىجىكنىڭ خىزمەتلىرى كەنت تەشكىلى ھەم يېزا مەسئۇللىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. دېمىسىمۇ يېرىم يىل ئىچىدە داشمان كەنتىدە بىرەرمۇ ئەنزە سادىر بولمىدى.

گىجىك بۈگۈن كەچكە يېقىن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى يىغىندىن قايتىپ كېلىپ مەھەللىدىكىلەردىن تۈنۈگۈن رۇستەم خاراتنىڭ ئۈچ قويىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، جۇدۇنى تۇتتى. «ھۇ لايغەزەل، قوي دېگەننىمۇ يۈتتۈرۈپ قويامدىغان» دەپ ئۇنى تىللاپ كەتتى. شۇئان دېمىنىمۇ ئالماي رۇستەم خاراتنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ چاغدا رابىخان مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— ھەي، بەغەرەزلەر! قويۇڭ قانداق بولۇپ يوقاپ كەتتى؟ قوي دېگەن ماۋۇ ھارامتاماقلار ئوينايدىغان كەكە بولمىسا! -دېدى گىجىك ھويلىغا كىرىپلا رۇستەمنىڭ ئوغلىغا ھومىيىپ قاراپ.

— تۇ... تۈنۈگۈن كېچە قوتانغا ئوغرى كىرىپتۇ، ئالتە قويدىن ئۈچىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، — دېدى رابىخان يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ. گېجىنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قوتاننى كۆرۈپ كىرگەندىن كېيىن يەنە چېچىلىشقا باشلىدى.

— ھەي، بەغەرەزلەر، ئاناڭنىڭ ئېلىش ھەققى باردەك ئۆيۈڭ بۇ يەردە تۇرسا قوتاننى دۆڭ باغرىغا ياساپ قويساڭ قويلىرىڭنى ئوغرى ئالامتى ئەمەسە. تۈنۈگۈن كېچە سەنلەر ئۆيدە يوقمىدىڭ، قويلار مەرىمىدىمۇ؟

— بار ئىدۇق، مەن كېسەلچان، شۇڭا.

— ئېرىڭچۇ، ئۇمۇ ئاي كۆرگەنمۇ-يا؟

— ئۇ سۇ... سۇ تۇتقىلى كەتكەن.

— ئۇ لايغەزەل قېنى، مەن بىر ھېسابلىشاي.

— ئىز - ئىزلاپ كەتكەن.

— ئاناڭنىڭ شەرىدە بۇ قۇملۇقتىن ئىز ئىزلىغىلى بولامدۇ، بوران ئۇچۇپ تۇرسا ئىز دېگەن ساقلاپ تۇرامدۇ، نېمە... نېمىشقا يىغلايسەن؟ يىغلىماي تۇر، گېجىنىڭ ئاكاڭنىڭ قولىدىن ھەر قانداق يامان ئوغرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما-زە، سەنلەرمۇ قويۇڭنى چىڭ ساقلىيالمىغانلىقىڭنىڭ جازاسىنى تارتىسەن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى. رابىخان بىردەم يىغلاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇنىڭ ئورۇقچىرايى بۈگۈن باشقىچە كۆرۈنەتتى.

روستەم ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاخىرقى چېتى ئۈپۈقچە سوزۇلغان قۇملۇقتا، كېيىن شورلۇق قۇمۇشلۇقتا، مەھەللە - كەنتلەرگىچە ئىز-ئىزلاپ ئاخىرى قوشدۆڭ يېزىسىنىڭ چېتىدىكى مەھەللىدىن قويىنىڭ ئىزى - دېرىكىني ئالدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ قويىنى مۇشۇ مەھەللىدىكى كەپتەرۋاز زاكىر پەشتاق ئوغرىلاپ كەتكەنىدى. «ئوسۇرغان يەل ھامان پۇرايدۇ» دېگەندەك روستەم ئىز - ئىزلاپ مۇشۇ مەھەللىگە كەلگەندە بىر نەچچە يىلەن زاكىر پەشتاقنىڭ ئارىلاپ قاسساپچىلىق قىلىپ يۈرۈيدىغانلىقىنى، تۈنۈگۈن بىر قارا قوينى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى ئۆزلىرىگە ساتقانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دۇرۇس ئادەم ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بېرىشتى. «قارا قوي» دېگەن سۆز ئېيتىلغان ھامان روستەم چۆچۈدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئوغرىلانغان قويىنىڭ بىرسى قارا ئىدى. ئۇنىڭ قويلىرىنى ئىزدەش جەريانىدىكى جاپالىرى بىكار كەتمىگەنىدى. زاكىر پەشتاق ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۆز قىلمىشىنى ئىقرار قىلدى. كېيىن بۇ ئىشقا قوشدۆڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئارىلىشىپ روستەمنىڭ ئىككى قويىنى، ئۆلتۈرۈپ سېتىۋېتىلگەن قارا قوي ئۈچۈن روستەمنىڭ تەلىپى بويىچە ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەن نەق پۇلنى روستەمگە ئېلىپ بەردى. زاكىرنى بولسا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يىقىلىپ چۈشكەن تېمىنى سوقتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىشتى.

روستەم خۇشال ھالدا ئىككى قوينى يېتىلەپ ئۆيگە كەلگەندە گېجىنىڭ باراڭ ئاستىدىكى سۇپىدا ئويقۇسىراپ ئولتۇراتتى.

— قانداق، لاتابەل. ئوغرىنى تاپتىڭمۇ؟ — دېدى گېجىنىڭ روستەمگە چەكچىيىپ قاراپ.

— تاپتىم، پېشانەم ئوڭ ئىكەن يەنە...

— بوپتۇ ئەمسە، بەش يۈز يۈەن جەرىمانىنى تۆلىۋەت.

— نېمە جەرىمانە ئۇ؟ — روستەم گاڭگىراپ قالدى.

— ئاڭلاپ تۇر، نېمە جەرىمانە بولاتتى. سەن قوتاننى ئۆيۈڭنىڭ تېمىغا چايلاپ ئەتمەي، قويۇڭنى ئوغرىغا بېرىپ، بىر ئەنزە سادىر قىلدىڭ. بىر ئەنزە سادىر بولدى دېگەنگەپ، بەش يۈز يۈەن جەرىمانە تۆلە دېگەن گەپ. يېزا بىلەن كەنتىمىزنىڭ ئامانلىق خىزمىتى جەھەتتە مەسئۇلىيەتنامە تۈزۈلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مېنىڭ سېنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىم يوق، تېز پۇلنى بەر!

گىجىگىنىڭ بۇ گېپىگە رۇستەمدىن بەكرەك رابىخان ئەجەبلەندى. ئۇ دېمىنى ئاران بېسىپ:

— گىجىك ئاكا، ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ نەدە مۇنداق قانۇن بولسۇن،— دەۋىدى، گىجىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە:

— ھوي، كېسەل كۆرپىسى، سەن تالاتۇزگە چىقماي جاھاننىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمەپسەندە، ھازىر جاھان ئۆزگەردى. گىجىك ئاكاڭنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالدى. كونىلارنىڭ «نەرسەڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭدىن گۇمانلانما» دېگەن گېپى بار. سەنلەر ئالتە تال شاتىراق قويىڭنى جايىڭدا ساقلىيالماي ئوغرىغا بېرىشەڭ جەرىمانە ئالمىساق بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشتىن يېزىلىق ھۆكۈمەت خەۋەر تېپىپ بولدى. ئۇلار بۇ چاغقا دەپتىرىگە «داشمان يېزىسىدا بىر ئەنزە سادىر بولدى، بەش يۈز يۈەنجەرىمانە تۆلەيدۇ» دەپ يېزىپمۇ بولۇشتى. بەش يۈز يۈەننى مەن ئەمەس، سەنلەر بېرىسەن،— دېدى جۇدۇنى ئۆرلەپ.

— گىجىك، تەرسالىق قىلما، ئوغرىنى سەن ئەمەس مەن تۇتتۇم. ساڭا بىر تېپىشىمۇ بەرمەيمەن. ئوغرى بىلەن كارى يوق، مال ئىگىسىدىن جەرىمانە ئالغان نەدە بار،— دېدى رۇستەم دەرغەزەپكە كېلىپ.

— ھەي، بەغەرەز، سەن قائىدە ئۇقامسەن- ئۇقمامسەن؟ مۇبادا قويۇڭنى چىڭ ساقلىساڭ ئوغرى ئالامدۇ- ئالمامدۇ؟

— بۇمۇ گەپ بولدىمۇ ئەمدى، سەن ئوغرىنى تۇتىدىغان خادىممۇ ياكى مال ئىگىسىنى؟!

— ماڭاۋەي، مېنىڭ ئوغرىنى ئىزدەپ يۈرىدىغانغا نەدە چولام.

— ئەمىسە، مېنىڭ ئۆيۈمگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟

— جەرىمانە پۇلىنى ئېلىشقا بولمامدۇ!

گىجىك بىلەن رۇستەمشۇتەرىزدە بىردەم دېيىشكەندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول شىلتىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا جەينىكىنى ياستۇققا تىرەپ ئولتۇرغان رابىخان قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ كەتكەنىدى. رۇستەم ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ، گىجىگىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىرتقا تارتتى - دە:

— ماڭە مەرەز، سەن بىلەن تەشكىلنىڭ ئالدىغا بارايلى،— دېدى.

— ماڭە بارىمىز، گىجىك ئاكاڭسائڭا ئۇتتۇرۇۋەتمەيدۇ.

ئۇلار گاھ تىللىشىپ، گاھ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ئۇدۇل كەنت ئىشخانىسىغا كېلىشتى. دەسلەپتە رۇستەم ئەھۋالنى سېكرىتارغا تونۇشتۇردى. سېكرىتار تەلىپىنى ئۈستەل ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپ سالماق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— رۇستەم ئاخۇن. سىز غەرەز ئۇقىدىغان ئادەم، ئۆزىڭىز ياش، ساۋاتىڭىز بار. بىز كەنتىمىزنىڭ ئامانلىق ئىش

لىرىنى كىچىك ئاخۇنغا ئۆتكۈزۈپ بەر-
گەن. كەنت بىلەن كىچىك ئاخۇننىڭ ئوت-
تۇرىسىدا مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالانغان.
بىر ئەنزە يۈز بەردى دېگەن گەپ بەش يۈز
يۈەن جەرىمانە تۆلە دېگەن گەپ، شۇڭا
كىچىك ئاخۇننىڭ دېگەنلىرى دۇرۇس. تا-
قاراشماي جەرىمانە پۇلىنى ۋاقتىدا
تۆلىۋېتىڭ، - دېدى. رۇستەم كەنت باش-
لىقى يۈسۈپكە قارىغانىدى، ئۇمۇ سېك-
رېتارنىڭ دېگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم
تەكرارلىدى. كىچىكنىڭ گۆل - قەقەلى-
رى ئېچىلىپ كەتتى.

— قانداق، كىچىك ئاكىنىڭ دېگەن-
لىرى راستىكەن، ئاكاڭ يېزىلىق ھۆ-
كۈمەتتە مەخسۇس كۇرستا ئوقۇپ كەل-
گەن، ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلگەننى قىل-
مايدۇ، - دېدى ئۇ رۇستەمگە كۆزىنىڭ پاخ-
تىسىنى چىقىرىپ. كېيىن رۇستەم جاھىل-
لىشىپ تۇرغانىدى، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭ-
لايدىغانلار چىقمىدى. ئاخىرى بولماي،
ئۇ:

— جەرىمانە پۇلىنى بەرمەيمەن، - دې-
گىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، كىچىك
رۇستەمنىڭ ئۆيىگە يەنە جەرىمانە پۇ-
لىنى سۈيلەپ كەلدى. ئۇلار كۈن ئولتۇر-
غىچە جېدەللەشتى. ئاخىرىدا رابىخان
رۇستەمگە بۇ خاپىلىقتىن تېزراق قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن نېمە كەتسە مەيلى، دەپ
يىغلاپ يېلىندى. رۇستەم ئىلاجىسىزھال-
دا زاكىر پەشتاقتىن ئالغان ئۈچ يۈز
ئەللىك يۈەننى كىچىككە بېرىپ كەم
قالغان پۇلىنى پاختا سېتىپ تۆلەش
ھەققىدە ھۆججەت يېزىپ بەردى.
شۇنداق قىلىپ رۇستەم بىلەن كىچىك
ئوتتۇرىسىدىكى ئىش ھەل بولدى. بۇ
ئىش كىچىكنىڭ ئويلىغىنىدەك داشمان
كەنتىنىڭ كېيىنكى ئامانلىق ئىشلىرى
ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولدى. قىس-
قىسى داشمانلىقلار شۇ ئىشتىن كېيىن
ئۆز مۈلكىنى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە
چىڭ ساقلايدىغان بولدى. بىراق ئۇلار
قوشدۆڭ يېزىسىدىكىلەردىن زاكىر پەش-
تاقنىڭ ئاران ئۈچ كۈن تام سوقۇپلا
قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ «مۇبادا
ئۇ پەشتاق بىزنىڭمۇ نەرسىمىزنى ئوغ-
رىلاپ كەتسە، بىزمۇ رۇستەمدەك جەرى-
مانە تۆلەپ يۈرەرمىزمۇ» دېيىشىپ سا-
راسىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى.

× ×

كىچىكنىڭ قىزىق ئىشلىرى يەنە تۈ-
گىمىدى. ئۇنىڭ رۇستەم بىلەنكى ئىشى
ئاخىرلىشىپ، توپتوغرا ئىككى ئاي
ئۆتكەندە ئۇ مەھەللىدىكىلەردىن رۇس-
تەمنىڭ قويى ئوغرىلانغان كېچىسى رۇس-
تەم زىۋىدىخاننىڭ ئۆيىدە ئىكەن،
دېگەن مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ
قالدى. ئۇ مەھەللىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ
كىشىلەردىن شۇ كۈنى كېچىسى رۇستەم-
نىڭ سۇ تۇتۇشقا ئەمەس، زىۋىدىخاننىڭ
ئۆيى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ
چىقتى. قارىغاندا ئىشنىڭ قىزىقى ئەم-
دى چىقىدىغاندەك ئىدى. بىراق بۇ ئىش
راست بولۇپ قالسا مەھەللىدىكىلەر
ئۈچۈن قىزىق تۇيۇلغىنى بىلەن كىچىك
ئۈچۈن ئازابلىق ئىش ھېسابلىناتتى.
گەرچە ئۇ ئامانلىق خىزمىتى بىلەن
ئالدىراش يۈرسىمۇ ھەر ۋاقىت زىۋى-
دىخاننىڭ ئۆز تەلىپىگە قوشۇلۇشىنى
كۈتۈپ يۈرەتتى. ئۇ بۈگۈن كەچكى پى-
لانى بويىچە ساۋۇت قارىنىڭ ئۆيىگە
كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:
«ئالا بويناقنى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە
سېتىۋېتىمەن. زىۋىدىخان بىلەن يەنە

كۆرۈشسىلە، سوفۇق چۈشكىچە تويىنى قىلىۋېتەيلى» دېدى. ئەپسۇس، ئىسىتىسى ساۋۇت قارىم ئۇنىڭغا «زىۋىدىخان يەنە قوشۇلماي تۇرۇۋالدى» دېگەنىدى. گىجىك خىيال سۈرۈپ قالدى.

ئۇ كۈنى ئاخشىمى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، داشمان كەنتى تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. گىجىك زىۋىدىخانىنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى پىچان دۆۋىسىنىڭ يېنىدا دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى، ئارىلاپ ئەتراپقا قاراپ قوياتتى. ئىچىدە «بۈگۈنمۇ كېلەرسەن كاززاپ» دەپ غودۇڭشۇپ قوياتتى. كۈتۈپ تاقىتى-تاق بولدى. دېمىسىمۇ ھەپتىدىن بېرى ھەر كېچە مۇشۇ يەردە ساقلىغان بولسىمۇ رۇستەم ھازىرغا قەدەر كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئويىچە بولغاندا رۇستەم ئۈچ كۈندە بىر قېتىم زىۋىدىخانىنىڭ ئۆيىگە كېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئەتراپلىق ئويلىنىپ چىقارغان خۇلاسىسى ئىدى. پەقەت ئەلياتقۇ بولغاندىلا زىۋىدىخانىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا بىر كۆلەڭگە خىرە-شىرە پەيدا بولدى. گىجىكنىڭ يۈرىكى جىددى سوقۇپ كەتتى. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپ ئۆگزىگە «توككىدە» قىلىپ بىر نەرسە چۈشتى، كېيىن ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ-يېپىلدى. گىجىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە يېقىنلاشتىيۇ بىردىنلا توختاپ قالدى. كۆڭلىدە «راست ئىكەن، خەق بىكارغا گەپ تاپمايدىكەن، مانا ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ. رەسۋايىڭنى چىقىرىۋەتمىسەم ئەركەك بولماي كېتەي» دەپ ئويلىدى. گىجىك يېرىم سائەتكە يېقىن ئولتۇرغاندىن كېيىن زىۋىدىخانىنىڭ قومۇش قوشاملىق ھويلىسىغا ھەش - پەش دېگۈچە كىرىپ بولدى. ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئىتتىرىپ بېقىپ ئىچىدىن دەملەپ قويۇلغانلىقىنى بىلدى. ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كەينىگە تۆت قەدەمچە داجىپ قولىنى قوۋۇشتۇردى-دە، يۈگرەپ كېلىپ ئىشىككە قاتتىق ئۇرۇلدى. قاراس قىلغان ئاۋازدىن كېيىن ئۆزىنى سىمىياھتەك قاراڭغۇ ئۆيدە كۆردى. يانچۇقىدىن قول چىراغنى ئېلىپ ياندۇردى. شۇئان ھەممە ئىش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. رۇستەم بىلەن زىۋىدىخان يېرىم يالىڭاچ ھالدا يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، بۇلۇڭدا تۈگۈلۈشۈپ ئولتۇردى. شۇئاندا گىجىك مورا بېشىدىكى جىن چىراغنى ياقتى.

— ئالدىرىماي تۇرۇش! ئوغرىنى مېلى بىلەن تۇت، زىناخورنى جۈپتى بىلەن، دەپتىكەن كونىلار. ئەممازە ماڭا سەنلەرنىڭ ئىشتىنىڭ لازىم، - گىجىك شۇنداق دېگىنىچە سۇپا ئۈستىگە چىقىپ قالايمىقان بولۇپ كەتكەن كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدىن رۇستەم بىلەن زىۋىدىخانىنىڭ ئىشتىنىنى تاپتى. كېيىن ئۇنى زىۋىدىخانىنىڭ يېنىدا تۇرغان گاز ياغلىققا چەگدى. شۇئان رۇستەم ئورنىدىن تۇرۇپ گىجىككە ئېتىلدى. ئىككىسى تۇتۇشۇپ قالدى. زىۋىدىخان ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ئۆپكىدەپ يىغلايتتى. رۇستەم گىجىكنىڭ غازىنىكىدەك زىلۋا گېلىنى سىقىپ ئاستىغا بېسىۋالغاندا سىرتتىن قولچىرىغىنى كۆتۈرۈشۈپ يۈسۈپ مۇدىر بىلەن ئەترەت باشلىقى كىرىپ كەلدى.

يۈسۈپ مۇدىر:

— قولۇڭنى تارت، - دەپ ۋارقىرىدى. كېيىن رۇستەمنىڭ قولىنى قايرىپ تۇرۇپ:

— گىجىگىنىڭ دېگەنلىرى راستكەن، دەل ۋاقتىدا كەپتىمىز، — دېدى مەسخىرىلىك ھىجىيىپ. رۇستەم لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ شۇ ئەسنادا تامغا ئۇسسۇپ ئۆلۈۋالغۇدەك دەرىجىدە ئازاپلانماقتا ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە رۇستەم، زىۋىدىخان ۋە كەنت - مەھەللە كومىتېت مەسئۇللىرى كەنت ئىشخانىسىغا جەم بولۇپ، رۇستەم بىلەن زىۋىدىخاننىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ ئىشنى يېزا مەسئۇللىرىغا ئاڭلاتماي ئۆزىمىز ھەل قىلىۋېتەيلى، ئېلىنغان جەرىمانە پۇل كەنتىمىزدە قالسۇن، دېسە، يەنە بىر قىسىملار، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بۇ دېگەن ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، يېزا مەسئۇللىرىغا مەلۇم قىلمىساق چاتاق چىقىدۇ، دېيىشتى. ئاخىرىدا گىجىك:

— يېزىغا مەلۇم قىلايلى، — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش يېزا مەسئۇللىرىغا ئايان بولدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئامانلىق ساقچىسى داشمانغا كېلىپ، بۇ ئەنزىنى قايتا تەكشۈرۈپ كۆردى. ئاخىرىدا «زىۋىدىخانغا بەش يۈز يۈەن جەرىمانە، رۇستەمگە بەش يۈز يۈەن جەرىمانە تۆلىگەندىن باشقا بىر ئاي تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىلىدۇ» دەپ كېسىم قىلىندى. گىجىك خۇشال بولغانلىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالدى. كۆتۈلمىگەندە ئىشخانىغا رابىخان تەستە كىرىپ كەلدى. ئىشخانىنىڭ ئالدىدا ئېشەك ھارۋىسى تۇراتتى. ھەممەيلەن رابىخانغا قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئارىدا گىجىك رابىخانغا:

— بۇ يەردە ساڭا نېمە بار. كېسەلىڭنى تارتىشىپ ئۆيۈڭدە ياتساڭ بولمامدۇ؟ بۇ گەپلەرنى سېنى كېسەل كۆڭلى-پاراكەندە بولمىسۇن دەپ دېمىگەن تۇرساق، ماڭ، سەن بۇ يەردە تۇرما. ئېرىڭ بىلەن سوقۇشۇپ قالدۇقشۇ، باشقا ئىش يوق، — دېدى.

رابىخان ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي ئاستا كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا بولۇڭدا ئولتۇرغان زىۋىدىخان يىغلىغىنىچە يۈزىنى ياغلىقى بىلەن يېپىۋالدى. رابىخان دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. رۇستەم بىلەن زىۋىدىخاندا قىلچە گۇناھ يوق، جازالايدىغان ئىش بولسا مېنى جازالاڭلار.

— نېمە؟ ھوي بەغەرەز، مەن سېنى ئاۋايلاپ ئەتىدىن بېرى گەپ قىلمىدىم. مانا كۆرە ئەمىسە، ماۋۇ نېمە؟ بۇ دېگەن رۇستەم بىلەن زىۋىدىخاننىڭ ئىشتىنى. نەق تۆپىدىن چۈشۈپ تۇتۇۋالغان تۇرسام، — دېدى گىجىك ئۈستەل تارتمىسىدىن گاز ياغلىققا چىگىلگەن ئىشتانلارنى ئېلىپ.

— ئۇنىمۇ بىلىمەن، ئەمىسە ئېنىق ئېيتاي. تۆت يىلدىن بېرى كېسەل بولۇپ يېرىمجان يېتىپ قالدىم. ئېرىمنىڭ ھاجىتىدىن پەقەتلا چىقالمىدىم. ئۇمۇ ئادەم، ئۆزىگە چۇشلۇق نەپسى بار. ئاجرىشىپ كېتەيلى دېسەك بالىلار يېتىم بولۇپ قالىدىكەن، شۇڭا مەن زىۋىدىخانغا كۆڭۈل قويۇپ، رۇستەم بىلەن يوشۇرۇن نىكاھلىنىپ ئۆتۈشنى ئېيتقان. بىراق بۇ ئىشنى دېگەنلىكىمنى رۇستەم بىلمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىشتا رۇستەم بىلەن زىۋىدىخاننىڭ گۇناھى يوق. گۇناھ مەندە، — دېدى. رابىخان بۇ سۆزلەرنى

شۇنچە مەغرۇر دېدىكى، چىرايىدا قىلچە باشقا ئىپادىلەر كۆرۈلمىدى. تىمتىمت بولۇپ كەتكەن گىجەك سېكرېتار بىر نەرسە دەپ بولغىچە زىۋىدىخانغا قاراپ:

— بۇ گەپ راستما، يالغان ئېيتماي راست گەپنى دېگىن، — دېدى.

زىۋىدىخان يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— راست، شۇنداق بولغان. ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا مەن رابىخانىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ئۈچۈن بارغانىدىم. ئۇ يىغلاپ ماڭا يېلىندى ھەم بوغچىسىدىن ئىككى كىيىملىك رەخت ئېلىپ ئالدىمدا قويدى.

— ئۇ ساڭا يەنە نېمە دېدى؟ — سورىدى گىجەك ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا.

— رابىخان ماڭا بۇ ئىشنى مەندىن ئۆزگە ئادەم بىلمىسۇن، سىلى ئۆزلىرى رۇستەمگە يېقىنلىشىپ ئىشنى ئەپلەشتۈرسىلە، دېدى. مەن ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلدىم. گۇناھ رابىخاندا ياكى رۇستەمدە ئەمەس، مەندە. مانا مېنى نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار، — زىۋىدىخان ياغلىقىنى ئوڭشاپ چىگىۋېلىپ نېمىشقىدۇر ئۇمۇ بىردىنلا مەغرۇر ھالغا كېلىپ قالدى. ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىن بىرسىنىڭ ھۆڭرەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن قارىۋىدى ئەتىدىن بېرى ئازابلىنىپ ئولتۇرغان رۇستەمنىڭ قاداق باسقان ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى بېسىپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىشخانىنى بىردەم جىمجىتلىق قاپلىدى. ھەممەيلەن ئارىلاپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشاتتى. گىجەك يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كەلگەن ئامانلىق ساقلاش ساقچىسىغا قاراپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ ئەسنادا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

— نېمە بولسا بولسۇن، ئەنزە يۈز بەرگەن ئىكەن قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ھەممىڭلار كېتىپ تۇرۇڭلار. ئەمما رۇستەم، زىۋىدىخان، گىجەك ئاخۇن ھەم يەنە ماۋۇ سېكرېتارلار قالسۇن، بىز داۋاملىق تەكشۈرىمىز، — دېدى ئامانلىق ساقچىسى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ. باشقىلار ئىشخانىدىن بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. ئامانلىق ساقچىسى ئىشخانىدا قالغانلارغا نېمىشقىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، كۈتۈلمىگەندە گىجەك ئورنىدىن تۇرۇپ كىرلىشىپ كەتكەن شىلەپىسىنى قولىغا ئالدى - دە:

— ھاي ئۇكام، بۇ ئەنزىنى ئۆزۈڭ تەكشۈرۈۋالغىنە. مەن ھازىردىن باشلاپ ئىش تاشلىدىم. قىزىق ئىشلار بولۇپ كەتتىغۇ خۇدايىم، — دېدى. كېيىن ئۇ كەنت باشلىقى يۈسۈپكە قاراپ:

— يۈسۈپ ئاخۇن، سىلىمۇ دۆدۋەك ئادەم ئىكەنسىلە، مېنى بىكاردىن - بىكار ئامانلىق خىزمىتىنى ئىشلەڭلار دەپ قاملاشمىغان ئىش قىپسىلەر ئەمەسمۇ، مەن كەتتىم ئەمىسە.

ھەممەيلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. گىجەك كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ نېمىشقا ئىش تاشلىغانلىقىنى ھەمدە نەلەرگە بارىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

× ×

داشمان كەنتىدە يەنە قىزىق ئىشلار يۈز بەردى. گىجەك مەھەللىدىن كېتىپ قالغىلى بىر ئايدىن ئاشتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىدىكى سىرنى كەنت مۇدىرى يۈسۈپنىڭ «ئۇ لايغەزەل، زىممىسىدىكى قەرزنى بەرگىلى ئۇنىمىغانىدىكىن بىز ئۇنى ئامان

(ئاخىرى 74 - بەتتە)

گۈلجامال تاشتۆمۈر

# داۋغان ماجراسى

(ھېكايە)

1

يىغىن جىددى داۋاملىشىۋاتاتتى. سېكرېتار سۆزلىگەنسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ پېشانىلىرىدىن تەپچىرەپ تەر ئېقىشقا باشلىغانىدى.

— يولداشلار، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن ئاخىرىدا شۇنى ئۇقتۇرىمىزكى، پايدىلىق ھايۋانلارنى قوغدىشىمىز، ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىكىمىز كېرەك. كەنتىمىزدە ھازىر يايلاقلارغا چىقىپ قوغدىلىنىدىغان ھايۋانلارنى تۇتۇپ كېلىدىغان ئىشلار ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بولۇپمۇ داۋغان تۇتۇش ئەھۋالى ئېغىر. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر داۋغان تۇتقانلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە جازالىنىشتىن سىرت ھاشارغا ئىشلەيدۇ، ئەگەر داۋغان تۇتقانلارنى كۆرگەنلەر كېلىپ بىزگە مەلۇم قىلسا، بىز ئۇنداق كىشىنى مۇكاپاتلايمىز. ھەر قانداق ئادەمنىڭ بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشىغا، داۋغان تۇتقانلارنى قانات ئاستىغا ئېلىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرگىزمۇ يۈز-خاتىرە قىلىنمايدۇ...

2

يىغىن داۋاملاشماقتا. سېكرېتار يېپىنچا قىلىۋالغان قىممەتباھالىق چاپىنىنىڭ مورىسىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئايىغى ئاستىدا توپىغا مىلىنىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىغان ھالدا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ سۆزلىمەكتە، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن پىلىموتنىڭ ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆزلەر شۇنچە راۋان، مەزمۇنلۇق ھەم قىزىقارلىق ئىدى.

— يولداشلار، دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار. يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئون سەككىز ياشتىن يۇقىرى، ئاتمىش ياشتىن تۆۋەن بولغان ھەر بىر نوپۇس بىردىن داۋغان تېرىسى تاپشۇرىدۇ.

— سېكرېتار، ئۆتكەندە داۋغان تۇتماسلىق دېگەنتىلە، ئەمدى...

— ئەزەم، سەن ئېغىز غىرىچلىماي تۇر، ئۆتكەن دېگەن ئۆتكەن. ھازىر دېگەن ھازىر. بۇ دېگەن ئىسلاھات دەۋرى. ئىسلاھات دەۋرىدە بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش ئۈچۈن ھەر قانداق بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىي شارائىتقا بېقىپ تۈزىمىز، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزگەرتىمىز. سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟

— نېمىنى بىلەتتىڭ ؟! مەن سىلە بىلمىگەننى بىلىمەن. كەتمەن چېپىشنى، تەر ئاققۇزۇپ ئىشلەپ، ھالال يېيىشنى بىلىمەن، — ئوتتۇرا بوي، بۇرۇتلۇق كەلگەن ئەزەم ئاخۇن بېشىنى قاشلاپ قويدى-دە، تۆت ئەتراپىغا قاراپ ئەلەنتىلا كۈلۈپ قويدى، — مەن تېخى بۇنداق يېڭى-يېڭى يوليورۇقلارنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىدۇ دەپ ئويلاپ يەتمىگەنمەن. قارىغاندا بۇ كەنتنىڭ

ئۆز ئالدىغا چىقارغان بەلگىلىمىسى
ئىكەندە، ئەمدى بىلىپ قويسام بولغۇ-
دەك.- ئەزەم ئاخۇننىڭ گېپى تۈگىشى
بىلەن كىشىلەر پاراقىدە كۈلۈشۈپ
كەتتى.

— ھېلىغۇ بىر كەنت ئىكەن. ئائىد-
لەڭدىمۇ بەلگىلىمە باردۇ ياكى بۇنى
خوتۇنۇڭ سەندىن يوشۇرامدۇ؟ سەنغۇ
خوتۇنۇڭنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەيسەن،-
سېكرېتارنىڭ ئەزەمنىڭ گەپلىرىگە
قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ھا-
زىر ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىشنىڭ پەي-
تى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ ئارتۇق-
چە گەپ قىلمىدى.

— يوشۇرسىمۇ سىلىنىڭ خوتۇنلىرى-
دەك سىر يوشۇرماس، سودىخاننىڭ سىر-
لىرىنى كەنتتە سىلىدىن باشقا ھەممە
ئادەم ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ.

— ئەزەم، ھۇ غالچا، تۇل خوتۇندەك
كوتۇلدىماي جىم ئولتۇرامامسەن؟ سەن
بىلەن كېيىن ھېسابلىشىمەن تېخى،-
سېكرېتار ئەزەمگە غەزەپ بىلەن ئالاي-
دى.- يولداشلار، ئەزەمدەك كاللىسى
لىڭشىپ قالغان، ئەقلىنى توپا بېسىپ
قالغان مورتەكلەرنىڭ گېپىگە ئېرەن
قىلماڭلار. ئەمدى بايىقى گېپىمىزگە
كېلەيلى . داۋغان تېرىسى لازىم دەپ
ھەممىڭلار داۋغان تۇتساڭلار بولمايدۇ.
ئۆلتۈرسەڭلار تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەڭ
ياخشىسى كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ
كۆيمەيدىغان بىر ئامال بار. ھەممىمىز
بىر داۋغان تېرىسى ئۈچۈن ئوتتۇز بەش
يۈەندىن پۇل تاپشۇرۇپ بېرەيلى.

— بۇ قانداق گەپ زادى، قايسى سا-
راڭنىڭ چىقارغان ئويۇنىدۇ - بۇ!

— سېكرېتار بىزنى ساناتورىيىنىڭ
سارائىلىرى كۆرۈۋاتامدۇ - نېمە؟

— بۇ، سۇنى ئىچ، لېكىن ئېغىزىڭ
ھۆل بولمىسۇن دېگەندەك بىر گەپ بول-
دىدە ، - يىغىنغا قاتناشقان دېھقان-
لار ئۇنى - بۇنى دېگىنىچە ئاستا-ئاستا
يىغىندىن تارقاشتى. ئۇلار پەقەت ئې-
غىزدىلا شۇنداق دېيەلەيدۇ. جاھاننىڭ
ئەڭ خىلۋەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا
ئولتۇراقلىشىپ قالغان، كەتمەن چېپىش-
تىن باشقىنى بىلمەيدىغان،
قورساق بېقىشتىن باشقىنى
ئويلىمايدىغان، ئايلاپ - يىللاپ بىرەر
پارچە گېزىت كۆرۈپ ياكى رادىئو ئاڭ-
لاپ باقمايدىغان بۇ نادان كىشىلەرنىڭ
مۇشۇنداق قاملاشمىغان «يوليورۇقلار»
غا قارىتا نارازىلىق بىلدۈرۈپ بىرنەچ-
چە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ
چوڭ بىر ئىش- ئەلۋەتتە.

3

— سېكرېتار سىلىگە دەيدىغان گەپ
بارتى،- ئىشىك تۈۋىدە گەدىنىنى قاش-
لاپ ھىجىيىپ تۇرغان ئەزەمنى كۆرگەن
سېكرېتارنىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى.

— نېمە گەپتى - ئۇ؟ تىلىڭنى چاي-
ناپ، ئەزمەڭنى ئېزىپ تۇرماي دېمەم-
سەن؟

— قايسى كۈنى يايلاققا چىققانتىم، قا-
رىسام سىلىنىڭ ئۆگەي ئوغۇللىرى ئىس-
لام بىر نەچچە داۋغاننى تاغارغا سولاپ
كىرگۈزۈپتىكەن، شۇڭا سىلىگە دەپ قو-

www.uygurkitap.com



ياي دەپ كېلىشىمىتى. كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، كۆرۈپ قاپتىكەنمەن، دېمەي دېسەم تېخى...

— كېپىنىڭ تۈگىگەن بولسا چىققاسلىق بولىدۇ، — ئەزەم ئىشىكتىن چىقىشىغا سېكرېتار يېنىدا ئولتۇرغان باشقا كەنت كادىرلىرىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. كىچىككىنە كەنت ئىشخانىسىدىكى بىر نەچچە كادىر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

4

— ئەزەم ئۇكام، سېنى مۇنداق بىر ئىش بىلەن چاقىرتقان. سېنىڭ قايسى كۈنى پاش قىلغان ئەھۋالىنى ماتېرىيال قىلىپ تەييارلىغانىدۇق. بۇ ئىسلامنى پاش قىلغانلىق توغرىسىدىكى ماتېرىيال، بۇنى يۇقىرىغا يوللايدىغان گەپ، خەت بىلەمسەن؟ ھە، بىلمىسەڭمۇ ھېچقىسى يوق. سەن گۇۋاھچى دېگەن يەردىكى دانا بۇ ئىسمىڭنىڭ ئۈستىگە قول قويۇۋەتسەڭلا بولىدۇ، بىرسى خەت بىلەمسەن دەپ سورىسا «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگىن. ماقۇلما... ئوغۇل بالا دېگەن «بىلمەيمەن» دېگەن گەپنى قىلمايدىغان...

5

— يولداشلار دىققەت قىلىڭلار، — ئاچچىقى كېلىپ قالغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر سېكرېتارنىڭ گۆشلۈك يۈزلىرى لېپىلداپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ھەمە... ھەممە نەرسىگە تويماي ئۇزاقتىن- ئۇزاق تىكىلىپ تۇرىدىغان كۆز قارىچۇقلىرى بۈگۈن ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز ھالدا قارىغىنىچە توختىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇراتتى. — مەن سىلەرگە مۇھىم بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى. دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار. «مەن دۆلەتنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ × ئاينىڭ × كۈنى بەش دانە داۋغان ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ تېرىسىنى ساتتىم» دەپ، ئۆز گۇناھىنى ئىقرار قىلغۇچى ئەزەم جۇمە. × ئاينىڭ × كۈنى»

— يالغان، بۇ تۆھمەت، داۋغاننى ئۇتقان ئىسلام. كۆرگەن ئادەم مەن. سېكرېتارنىڭ بېشى چۆرگىلەپ قاپتۇ، — ئەزەم توۋلىغىنىچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى.

— سېنى كۆرگەن ئادەم بار. ئۇ ئىسلام پاسار. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ گۇۋاھچى بار. ئۆزۈڭمۇ ئىقرار قىلدىڭغۇ. بۇ يەرگە قولۇڭنى قويدۇڭ. يەنە تېخى تېنىۋالماقچى بولۇۋاتامسىنا، ھۇلاتا غىلاپ، مەزلۇم مىجەز، مېڭىسى قۇرتلاپ كەتكەن...

— يالغان، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار. ئۇ مېنىڭ خەت بىلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ قولۇمنى ئالداپ قويدۇرۇۋالغان، خالايىق...

— يولداشلار باشتا دېگەن گېپىمىز بويىچە ئىسلام پاسار مۇكاپاتلىنىدۇ. ئەزەم جۇمە ئىككى يۈز يۈەنجەرىمانە تۆلەشتىن سىرت يىگىرمە كۈن ھاشارغا ئىشلەيدۇ. يىغىن تۈگىدى.

روزى سايىت

# باھار تۇغقان ئىككى شېئىر

ناخشا ئەرشتىن چۈشىدۇ، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زېمىنغا تارقىتىدۇ... ناخشا بىلمەسلەرنىڭ ئېيتىشىدا بۇزۇلۇپ، زېرەكلەرنىڭ ئوقۇشىدا تۈزۈلىدۇ...

— رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزىدىن

## ياشىسام دەيمەن

ئۆتسە ئۆمرۈم ئەلگە يار ـ ھەمدەم بولۇپ،
تاغ كېسەر پەرھاد، سېخىي ھاتەم بولۇپ.
يۇقمىسا! شەنىمگە قارغىشنىڭ دېغى،
ياشىسام دەيمەن ئېسىل ئادەم بولۇپ.

بولمىسام ھەرگىز يامانغا يانتاياق،
باسمىسام قىڭغىر، خاتاغا ئىز ـ ئاياغ.
كۆكلىسە مېھرىمدە سۆيگۈ، ئىشتىياق،
ياشىسام دەيمەن ئېسىل ئادەم بولۇپ.

قالدۇرۇپ نۇسخا ئۆمۈر ئىمكانىدىن،
كەتتى كەلگەنلەر جاھان ـ بۇ «خانە»دىن.
باغ ياساپ، گۈل-غۇنچە ھىدلاپ ئېچىلدى «پانىي»دىن،
ياشىسام دەيمەن ئېسىل ئادەم بولۇپ.

بولمىسام «تەييارغا ھەييار» لايغەزەل،
بولمىسام بىشەرمى، بىنەپ، بى مەسەل.
ھەر نەدەك يىغسام چېچەكتىن بال-ھەسەل،
ياشىسام دەيمەن ئېسىل ئادەم بولۇپ.

نەپسى شەيتان كەينىدىن پايپاسلىماي،
ياخشىلارغا ھاۋشىماي «كاس ـ كاس» لىماي،
جىملە①قۇرماي- خەققە قىلتاق راسلىماي،
ياشىسام دەيمەن ئېسىل ئادەم بولۇپ.

ئاچقا نان، توڭغانغا تەمەچ تەڭلىسەم،
غېمى بار بىتاب، غېرىبنى ئەملىسەم،
ئەلگە تەر ئەجرىمدە قەنچاي دەملىسەم،
ياشىسام دەيمەن ئېسىل ئادەم بولۇپ.

لەۋدە سۇر تۇپ يار كۆزىدىن چىقسا ياش،
ياۋنى يەنچىپ، ئەيلىبان قەستىنى پاش.
دوستقا يەتسە خىزمىتىم، بولسام قاياش،
ياشىسام دەيمەن ئېسىل ئادەم بولۇپ.

بۇ ئۆمۈرنىڭ لەززىتى شاد كۈلكىدە،
ھەر كىشىنىڭ قىممىتى ئۆز ئىلكىدە.
بىر دەقىق تۇرسا نەپەس جان مۈلكىدە،
ياشىسام دەيمەن ئېسىل ئادەم بولۇپ!..

## يار ئەمەس

يار ئەمەس ئىشقىغا مەھكەم بولمىسا،
يار ئەمەس يارىغا ھەمدەم بولمىسا.
يار دېگەن سۆيگۈ، ۋاپا مەردانىسى،
يار ئەمەس چاندۇرسا بىردەم بولمىسا.

كۈلگىنىڭ گۈل ئاچسا دەرھال چېھرىدە،
يىغلىساڭ ياشىڭنى سۇرتسە مېھرىدە.
ئۇتسا مەيلىڭنى نازاكەت سېھرىدە،
يار ئاشۇ چىن رىغبىتى كەم بولمىسا.

باغدا بىللە، چۆلدە يالغۇز تاشلىسا،
«سوغ» دا زارلاپ، ئاپتىپىڭدا شاشلىسا.
شان ـ زەپەرگە ئۈندىسەڭ يانپاشلىسا،
يار ئەمەس ھەر ئىشتا ھەم ـ قەم بولمىسا.

① جىملە — قىلتاق

قىلمىسا پەرۋىش، بېغىڭنى چەيلىسە،
پەيتىنى تاپقاندا خىيىردەك ئەيلىسە.
سانجىماقچۇن زەھەردىنى ئەزۋەيلىسە،
يار ئەمەس زەخمەڭگە مەلھەم بولمىسا.

دۈشمىنىڭنىڭ پايدىسىغا ئىشلىسە،
بىرسى «ئال پاچاقنى!» دەپ «كىش -
كىش» لىسە،
ئويلىنىپ تۇرماي «ھاپ!» دەپ چىشلىسە،
يار ئەمەس، بىر شۇنچىلىك پەم بولمىسا.

يەتسە مەنپەئەت چۆرگىلەپ پەرۋانىدەك،
كۆزلىرىدىن چاقسا ئوت سەرخانىدەك.
تۆكسە لەۋزى بال، شېكەر مەردانىدەك،
يار ئەمەس خۇيلانسا دەرھەم ① بولمىسا.

يار ئاشۇ رىشتىڭگە رىشتە چاتقىنى،
يار ئاشۇ ھارۋاڭنى بىللە تارتقىنى.
يار ئاشۇ «ئەھەا!» كەتەك ئۇن قاتقىنى،
يار ئاشۇ تاڭلايغا «بەلغەم» بولمىسا.

«ھاك»غا پۇت قويسا ئىتنىڭ تارتسا يۈگەن،
يا تاپانغا سانجىلىپ كىرسە تىكەن،
ئالسا «كىرپىك يىڭنىسى»دە يار دېگەن،
يار ئاشۇ شانىڭغا بەرھەم بولمىسا.

يارى ناكەسنىڭ كۈنى - ئىتنىڭ كۈنى،
يوق ئارامى - تېشىغا چىقماس ئۈنى.
ياز، باھاردىمۇ جۇدۇن قىشنىڭ تۈنى،
يار ئەمەس شاكىراپ ئۇ «تۇزتەم» بولمىسا.

«يار» ئەمەس شەيتان چۈشى، نەزرە ئىشى،
يار ئەمەس يولۋاس چىشى، تىمىساق يېشى.
جانغا جان قوشماق ئىرۇر يارنىڭ ئىشى،
يار ئەمەس-لەۋقا، جېنى ھەم بولمىسا!...

مۇھەممەتتۇرزى ئابدۇقادىر

## شېئىرلار

### يېزام ئۆستىڭى

شاۋقۇن پۈركۈپ چەكسىز قىرلارغا،
ئېقىپ تۇرار كىچىك بىر ئېقىن.
شۇ مېھنەتكەش دېھقان قەلبىگە،
بەلكىم دۇ شۇنچىلىك يېقىن.

قاغجىرىغان زېمىن لېۋىگە،
شەربەت بولۇپ قۇيۇلار ئاستا.
بۇغدايزارلىق ئاراچلىرىدىن،
كۈلۈپ تۇرار يېڭى بىر دۇنيا.

قەلبىمدىكى سالا ئېتىزدىن،
ئۈنۈپ چىقار يېشىل مۇھەببەت.
ئېھ، يېزامنىڭ گۈزەل ئۆستىڭى،
ساڭا مېھرىم باغلانغان قەۋەت.

### ئاۋۇل سەھەرى

بۈركۈت پېيى تۇزىغان چوققا،
تاڭ نۇرىدا تۇرار تاۋلىنىپ.
ئارقار، كېيىك چېپىشقان دالا،
سەھەر پەيتى كېتەر جانلىنىپ.

تاغ كاككۇكى چوغلۇق شېخىدا،
ئۈزۈك - ئۈزۈك تۇرىدۇ سايراپ.
قاپتال ئارا مەخمەل چۆپلۈكتە،
توپ- توپ پادا يۈرىدۇ يايلاپ.

يېڭى تويى بولغان كېلىنچەك،
ناز ئىلكىدە چىقار چېدىردىن.
ئاۋۇل قويىنى چۆمەر شادلىققا،
يېڭى ساغقان سۈتنىڭ ھىدىدىن.

### باھار نەزمىسى

يەلپۈنىدۇ يېشىل قىياقلار،
سەلكىنلەرگە ئەگكىنىچە باش.
كۆك قەھرىدە تۇرار جىلمىيىپ،
گۈلخان كەبى چوغلانغان قۇياش.

ئېدىرلاردىن يامرىغان پادا،
كۆكاتلارنى يۈرىدۇ يالماپ.
كەڭرى كەتكەن ئۆرۈكزارلىقتىن،
چېچەك ھىدى تۇرىدۇ پۇراپ.

---
① دەرھەم — مېتال پۇل

ئەگىپ كەتكەن سالا ئېتىكىدىن،
ئاچىلىنىدۇ ئوتلۇق ناخشىلار.
لەگلىكىگە يۈرەر ئەگىشىپ،
دالىلاردا توپ- توپ بالىلار.

قاقاس دۆڭلۈك، تاقىر چوققىلار،
ياسانماقتا بولۇپ گۈل سۈپەت.
تورولغىنىڭ چۈچۈك ئۈنىدىن،
جانلانماقتا ئانا تەبىئەت.

تاغ باغرىدا سۈرلۈك ئارچىزار،
قورقىتىدۇ ئەركە شامالنى.

جىرادىكى ئويناق- شوخ سۇلار،
ئۆپەر يېنىك كوكات لېۋىنى.
جىگدىلىكتە قوي كۆزلۈك يىگىت،
كۈتۈپ تۇرار ئۇماق يارىنى.

چاراقلىشىپ سانسىز يۇلتۇزلار،
ناز ئىلكىدە باقىدۇ قىيا.
تولۇنئاينى ئاقار باخاشلاپ،
چۆل قوينىدا لەق ئۇرغان دەريا.

## ئايدىڭ كېچە لىرىكىسى

ئاي پارلايدۇ كۆكتە نۇرلىنىپ،
كۈمۈش نۇرغا پۈركۈپ دالىنى.

**مۇھەممەتجان ئىسمايىل (پۈناقى)**

## ياشلىق خاتىرەمدىكى مۇڭلار

1

جانان ۋەسلىڭگە تەشنا مەن كېلىپ كەتسەڭچۇ بىر مەرتەم،
مېنىڭ ۋەيرانە كۆڭلۈمنى خۇشال ئەتسەڭچۇ بىر مەرتەم.
جۇدا بوپسەن نىگارىمدىن بېشىمغا چۈشتى مىڭ سەۋدا،
يېتىپ ھالىمغا سۆيگۈڭدىن شىپا بەرسەڭچۇ بىر مەرتەم.
قارايمەن كۈنۈ - تۈن ھەردەم يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تىنماي،
قاراڭنى ئاھ كۆرەي دەيمەن يېتىپ كەلسەڭچۇ بىر مەرتەم.
يۈرەكىم ئۆرتىنەر ئىشقى - پىراقىڭ ئوتىدا قىلدەك،
ۋاپا دەرياسىدىن زەمزەم ئېلىپ سەپسەڭچۇ بىر مەرتەم.
يېتەلمەي چىن ۋىسالىڭغا پۈناقى تولغىنار ئاھ دەپ،
گۈزەل ماھى جامالىڭنى ئېچىپ كۈلسەڭچۇ بىر مەرتەم.

2

كېتىشنى سورىدىڭ دىلبەر بولۇپتۇ مەيلى كەتسەڭ - كەت!
مۇھەببەتنىڭ بازارىنى كېزىپ بىر سەيلى ئەتسەڭ - ئەت!
سۆزۈمگە ھېچ قۇلاق سالماي ئوچاق قىلدىڭ بۇ باشىمنى،
تاياققا تاشنى تاڭمايمەن، ۋىسال - ئارزۇڭغا يەتسەڭ - يەت!
ئۆزۈڭنى بەك زىبا چاغلاپ، تەمەننا بىرلە دوست بولدۇڭ،
ئۇنۇتما، نى زىبا يۈزلەر بۇ يولدا بولدى مەجرۇھ - سەت.
پېقىرغا لازىمى ئەمدى ئەمەستۇر سەن كەبى ھەمراھ،
چېكىپ تاللايدۇ قەلبى ئۈز گۈزەللەرنى كۆرۈپ مىڭ رەت.
شۈكۈر دەيدۇ پۈناقى بۇ مالامەتتىن قۇتۇلغانغا،
ساقىت بولغاچقا باشىدىن كۆڭۈلسىز، بىئارام، غەم - دەرت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇنەۋۋەر قۇربان

# ئىككى شېئىر

## مەيخانىدىكى قىز

رومكىلاردا
نازلىنىدۇ چەكسىز قەترىلەر،
لەۋلەردە جىلمايسا مۇزدەك تەبەسسۇم.

ئۇ جەننەت
كۆمۈلگەن سانسىز قەبرىلەر،
پىچاقنىڭ بىسىدا ئوينايدۇ ئۇسسۇل.

ئاھ كۆزلەر،
يۇمۇلسا نەقەدەر مەسۇم.
ھۇررا!
تام - تاملاردىن كېلىدۇ ئاۋاز،
رومكىلاردىن
تاشىدۇ سۈرەت.
جۈپ كۆكسىگە.
قونغاندا قۇشلار،
چوققىلايدۇ
كۆڭۈلنى ئىشرەت.

ھالال بىلەن
ھارام ئارىلاشسا،
نە قىلغۇلۇق-
قىزلار ئەسلى ئىدىغۇ جەننەت.

## ئىشەنسە

ۋۇجۇدۇم تىترەيدۇ چارا قىلىشىڭدا،
دۇنيانى لەرزىگە سالار ھېسلىرىم.
ھەر دەقىق تەييارمەن پاراتىلىرىڭغا،
ئالدىنقى سەپ ئەسلى تۇرغان رەتلىرىم.

تەن ئەمەس، غايەت زور روھتىن تۆرەلدىڭ،
ئارمىنىم كۆكتە چاقنىغان قۇياش.
سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش بېرەلمەس ئارام،
قەلبىم بىر ساڭىلا مۇكچەيگەن - ياۋاش.

ئانىلىق قەسىدە، لەكمىڭ-لەكمىڭ دىل،
ۋۇ ياشمۇ يورۇقلۇق بېرەلمەس سەنسىز.
ئەزەلدىن ئانىلار شۇنداق يارالغان،
يادلىنار بىر ئۆمۈر نامۇ - نىشانسىز.

«ئانا» دېپ - «يانا» دەپ - كۆزلەر
كۆكەرسە،
يېرىلىپ كېتەمدۇ چاك - چاكتىن بالام؟!
قۇش پېيى قوللىرىڭ ياسىسۇن قايتا،
تىترەشتىن سۆكۈلگەن جىسمىمنى بۇدەم.

سەن باھار گۈلىدەك توزىماس قەترە،
سېنىڭسىز نەھاجەت، دۇنيانى بەرسە.
قەلبىمدە پەقەتلا يىگانە ناخشا،
ئۇ شەپەق، ئۇ دولقۇن، ئۇ سەن ئىشەنسە.

ئابدۇرېشىت خوجا

# ئىشىكىڭنى ئاستاغىنە ئاچ

ئىشىكىڭنى ئاستاغىنە ئاچ،
چالما چۈشكەن كېچە ئۆگزەڭگە.
نىگاھىڭنى كونا جايغا چاچ،
ئالدىمىسۇن سېنى كۆلەڭگە.

ئىشىكىڭنى ئاستاغىنە ئاچ،
ئالابويناق قاۋاپ سالمىسۇن.
تۈيۈپ قالسا ئاناڭ دېگەنكاچ،
ئاچچىقىدا ساۋاپ سالمىسۇن.

ئاچچىقىدا ساۋاپ سالمىسۇن.
خۇش كۆڭلۈڭنى ۋەيرانە ئەيلەپ.
سۈپۈر دۈەت ئىزلار قالمىسۇن،
داداڭ كۆرسە كېتەر ئەزۋەيلەپ.

مەتتوختى سەبېت (دېھقان)

## ئىككى شېئىر

### مېنىڭ رىسالەم

مەن كۆلكىگە ھېرىس شۇ قەدەر،
تىنىقىمدىن تارايدۇ كۆلكە.
كۆلكەم بىلەن نۇرلىنار سەھەر،
كۆلكەم شەبنەم قوندۇرار گۈلگە.

كۆلكە سۆيگۈ، كۆلكە مۇھەببەت،
ھەر قەلبنى قىلىدۇ تۇتقۇن.
كۆلكە غەزەپ، كۆلكىدۇر نەپرەت،
رەقىبلەرگە چاچرىتار ئۇچقۇن.

مەن ياشايمەن خۇشال ـ بەختىيار،
كۆلكىلەرگە ھەردەم بۆلىنىپ.
ئۆكۈنمەيمەن بۇ يولدا زىنھار،
كەتسە ئۆمرۈم بەدەل تۆلىنىپ.

### سەھرا ـ دېھقان بۆشۈكى

سەھرا ئۇلۇغ ـ يەر ئۇلۇغ،
تۆككەن ھالال تەر ئۇلۇغ.
ئانا يەرگە تەر تۆككەن،
مېھنەت سۆيەر ئەر ئۇلۇغ.

تەرى بىزنى باقىدۇ،
تومۇرلاردا ئاقىدۇ.
پاك ئەقىدە خىسلىتى،
دىلنى ـ دىلغا چاتىدۇ.

دېھقان تەرى ئاق سۈتتۇر،
سۈتسىز بوۋاق مەۋھۇمدۇر.
دېھقان ئانا ـ بىز بوۋاق،
دىل سۆيگۈسى بىر ئوتتۇر.

تۇرسۇنجان ناسىرى (دېھقانى)

## ئىككى شېئىر

### سېغىنىش

ئاھ، نەقەدەر سۆيۈملۈك ئىدى،
بىز تەڭ ماڭغان شۇ چىغىر يوللار.
تولۇپ كەتتى قاداققا جەزمەن،
بىر چاغدىكى پاختىدەك قوللار.

ئولتۇرمايتتىم ھەرگىز شۈمشىيىپ،
مېھرى سوغۇق، سوغۇق ياتاقتا.
مېھرى سوغدا گۈلخاندەك ئىللىق،
بولساڭلارچۇ دوستلار شۇ تاپتا.

چاقچاقلاشسام يەنە بىر قېتىم،
تەگمەيتتىم ھەرگىزمۇ ئەمدى.
قەيەردىسەن چاقچاقچى بالا،
كۆلدۈرگىنە، تېلىقاي بىر رەت،
مۇڭسىراتتى تەنھالىق مېنى.

يوللار چىگىش، خىيال گادىرماچ،
ئەمدى كىمدىن ئالاي مەسلىھەت؟!
«موللا تاپقاق» ئاتالغان ئاداش،
قەيەرلەردە يۈرىسەن تېنەپ،
تەقدىر تېشىنىڭ چۈشتىمۇ بەك چەت؟!

داشقازاندا پىشقان تاماقنىڭ،
باشقا ئىكەن ئەسلى لەززىتى.
تاپسام ئەمدى ئۇندىن بىر قاچا،
تۆكۈۋەتمەي ئىچەتتىم تولۇق،
قىينار دىلنى ئۆتمۈش ھەسرىتى.

بىز كىرىشتىن زېرىككەن سىنىپ،
يەنە كىمنى قىلغاندۇ بىزار؟!
ئولتۇرغۇم بار ئۇزاق، بەك ئۇزاق،
سۈرتكۈم كېلەر ئۈستەللەرنى ھەم.

غىچىرلىغاق سىنىپ ئىشىكىگە،
بولۇپ كەتتىم بەكمۇ ئىنتىزار.

ئەي مېھرىبان، تەرسا مۇئەللىم،
مەن سېنىڭكى كەپسىز بالاڭمەن.
قۇلىقىمنى تارتقىنىڭ بىر رەت،
تەنقىد بەرگىن ئۆرە تۇرغۇزۇپ،
تەنقىد دېگەن سۆيۈملۈك ئىكەن.

مەن بۇ يەردە يىگانە مانا،
كۆرۈنمەيدۇ قىزلار ياتىقى.
چېكىۋالدىم بىر تال تاماكا،
ئىچىۋالدىم بىر رومكا هاراق.
سوتلىمايدۇ ئىنتىزام ئەمدى،
چىقماس مەيىنىڭ ئوشۇق چاتىقى.

ئاھ، بىتەلەي بويتاق مۇئەللىم،
ساقىلىڭىز قالدىمۇ ئۆسۈپ؟
كىيىملەرنى كىيدىڭىزمۇ كىر؟
مەن ئۆگەندىم ساقال ئېلىشنى،
ئېگەك ئاستا قارايغانسېرى.
ساقىلىڭىزنى قويىۋەتتىم ئېلىپ،
بۇدا بىر رەت قالىساق ئۇچرىشىپ.

مەن جەنۇبنىڭ خىلۋەت ئۆيىدە،
ئولتۇرىمەن ئالېبومغا قاراپ.
يۈرىكىمدىن تامچىغان ياشنى،
ساۋاقداشلىق يالدامىلىرى،
سۈرتۈپ تۇرار كۆڭلۈمنى ياساپ.

**بىز تەڭ ئېيتقان ناخشىلار**

بىز ياڭراتقان غېرىب ناخشىلار،
ئېسىڭلارغا كېلەمدۇ بىرە؟
ئاشۇ ياڭراق ئۇنئۈڭلار بۈگۈن،
بوپ قالدىمۇ ۋە ياكى خىرە؟!

ئايدىڭ ئاخشام، ئايدىڭ كېچىلەر،
كۆرۈنەتتى بەكمۇ سۆيۈملۈك.
ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ كېچىنىڭ،
ۋارقىرايتتۇق شۇ قەدەر ئۈنلۈك.

ياغاچ گىتار سايرىسا مۇڭلۇق،
تەڭكەش ئىدى تاماق چوكىسى.
چاتما دۇمباق بولاتتى يەنە،
ئالىيۇمىنىڭ كەڭرەك يەلكىسى.

ئانچە - مۇنچە گازىر چېقىشىپ،
«خوش» دېيىشىپ ئىچەتتۇق سۇنى.
دالىدىلا ئوينايتتۇق تانسا،
ئۇيەر ئىدى كۆلكە سورۇنى.

شۇ ناخشىلار، ئاشۇ ئاخشاملار،
رىشتىلەرنى قويغان چىڭ چېتىپ.
بوپ قالدۇققۇ ئۆز يۇرت غېرىبى،
ئاھ، قەدىردان دوستلار ئايرىلىپ.

قىرىقىمىز ئېيتقان شۇ ناخشا،
يىراقلارغا كېتەتتى ئۇچۇپ.
ئېيتىپ باقسام تەنھا بۇ ئاخشام،
قويدى ئۇنى ئۆي تېمى توسۇپ.

غېرىب ناخشا ئېيتىمەن بۇ كەچ،
ئاي نۇرىدا چاقنايدۇ يېشىم.
بوغۇق كۈيۈم قايتار ئۆزۈمگە،
قەيەردىسەن قىرىق سىرداشىم.

بىز تەڭ ئېيتقان غېرىب ناخشىلار،
ئېسىڭلارغا كېلەمدۇ بىرە.
ۋە يا ئاشۇ گۈزەل ئاخشاملار،
بوپ قالدىمۇ خىرە، بەك خىرە؟!!

ئۆمەرجان توختىروزى



# جاجاڭنى تەڭرى بەرسۇن

## (ھېكايە)

ئەمدىلا دەرستىن چۈشۈپ، ئىشخانىدا دەرس تەييارلىماقچى بولۇپ تۇراتتىم. بىرسىنىڭ «باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئايىنىسا خانىمنى توك سوقۇپ، ئۆلۈپ قاپتۇ» دېگىنىنى قۇلىقىمغا كىردى. ئىشەنمەيلا قالدىم. دېمىسىمۇ ئايىنىسا خانىمنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۆپكە كېسىلى بىلەنشۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بالنىستا يېتىپ داۋالىنىشى ئاخىرى مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمىدى؟! ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىدىغۇ؟ ئۇ تېخى مېنىڭ قېيىن ئاچام بولماقچى ئىدى.

دەرھال دەپتەر - كىتابلىرىمنى تارتمىغا سېلىپ، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە — ئايىنىسا خانىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇزۇن ئاق ياغلىق سالغان باشلارنىڭ مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ-چىقىۋاتقانجىددىي كۆرۈنۈشلىرى، مەكتەپ ئىچىدىن كېلىۋاتقان بوغۇق يىغا ئاۋازلىرى، بۇ دەھشەتلىك شۇم خەۋەرنىڭ راستلىقىنىدەلىللەۋاتاتتى.

كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، ھويلا ئىشىكىگە بېرىشىمۇ ئاسانغا



توختىمىدى. دەرۋازىدىن ۋاسكىتبول مەيدانىغا قاراپ ئۇزۇنىغا سەپ تارتقان، كۆزلىرىنى ئېرتىۋاتقان، ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان، ئېسەدەپ تۇرغان ئەرلەر بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ، ھويلا ئىچىگە كىردىم. سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئايىمىنىسا خانىمنىڭ يولدىشى مۇرات بىلەن كۆرۈشتۇم. ئاللىقاچان ئوتتۇز بەشلەردىن ھالقىغان، ئىككى بالىلىق بولغان مۇراتنىڭ، كىچىك بالىدەك ھۆكرەك ئېيتىپ يىغلىشىغا، ئايالىنىڭ ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان يۈرەكنى ئېزىدىغان ئاچچىق نالە - پەريادىغا زادىلا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئىچ - ئىچىمدىن يىغا قايناپ ئۆزۈمنى تۇتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدىم. بىر ئازدىن كېيىن مۇراتنى بىر چەتكە تارتتىم.

— ھە - ھۇ دېيىشىدىغان ئىشلار بولسا، قارىشاي دەپتىم...، — مۇرات قىزارغان كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي، ئۆز ئىنىسىنىڭ ئەھۋالىنى قېيىن ئاتا - قېيىن ئانىسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاغقا ماڭغانلىقىنى، قوشنا ئۆيدە باغاق يېزىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ھازىرچە مەن ياردەملىشكۈدەك بىرەر ئىش يوقتەك قىلاتتى. مەن قول باغلاپ تۇرغان ئەرلەر سېپىنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قوشۇلدۇم.

خىيالىمدا مەرھۇمنىڭ سىڭلىسى بىلەنكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرىمىز ۋە يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئارىمىزدا پەيدا بولغان مەجھۇل ھالەتلەر بىر - بىرلەپ جانلىنىشقا باشلىدى. بۇنداق دېسەم كىشىلەر مېنى «لەنىتى بىر نېمە ئىكەن، «ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا» دېگەندەك، ئاچىسى ئۆلۈۋاتسا، سىڭلىسى ھەققىدە ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ خىيالىنى قىلغان بارمۇ؟» دەپ ئەيىبلىشى تۇرغان گەپ. ئەمما ئىشىنىمەنكى، بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى ئاڭلاپ ئىشىنىڭ تەكتىگە يەتكەنلەر بۇنداق ئويلىمايدۇ.

× ×

يۇرتىمىز تاغلىق كەنت بولمىسىمۇ تاغقا يېقىن، مەھەللىمىز بىلەن ئون مېتىرچە كەڭلىكتىكى بىر كىچىك ئۆستەڭ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان، لەڭگەر كەنتىدىن ئۆتسە، شېغىل تاشلىق ساي باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ نېرىسى ئەسىرلەردىن بېرىقى بوران - يامغۇر، قار-شىۋىرغانلارنىڭ زەربىسىدە تامام سەزگۈسىنى يوقاتقان تاقىر قارا قۇرۇم تاغلىرىدۇر. مەن بالا چاغلىرىمدىن باشلاپلا تاغقا ھەۋەسلىنەتتىم. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ كۆكۈش، سارغۇچ ۋە قارامتۇل جىلۋىلىنىپ تۇرغان چوققىلىرىغا قاراپ، بالىلارچە خىياللارغا بېرىلەتتىم. بولۇپمۇ يامغۇر ياغقان كۈنلىرى كۆڭلۈمنى باشقىچە بىر خۇشاللىق سېزىمى ئىلكىگە ئېلىۋالاتتى. بۇ مېنىڭ يامغۇرنى ناھايىتى ياخشى كۆرگىنىمدىنلا ئەمەس ئىدى. ھەمىشە يامغۇر توختاپ قۇياش نۇرى ۋادىنىڭ يۇيۇنغان يەلكىلىرىگە يېيىلىپ چۈشكەندە، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ چوققىلىرى ناھايىتى روشەن ۋە كىشىنى ئۆزىگە رام قىلغۇچى سېھىرلىك بىر تۈستە كۆز ئالدىمدا نامايان بولاتتى. ساپ ۋە سۈزۈك ھاۋادا تاغنىڭ بىر چوققىسى ئۇدۇل چۈشكەن قۇياشنىڭ نۇرىدا غايەت چوڭ ئەينەكتەك پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇرسا، يەنە بىر چوققا ئۆزىنىڭ نەم تۇپرىقى ۋە ئۇپۇقتىكى ھەسەن - ھۈسەننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سۈس بىنەپشە رەڭدە تاۋ-

لىناتتى. ئۇنىڭمۇ لىر ىسىدىكى چوققىلار بولسا، قىنىق زەڭگەر رەڭدە كۆرۈنۈپ، خۇددى تاغلار تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن مەنزىرە سۈرەتكە ئوخشاپ قالاتتى. مەن، ئۇچاغلاردا تاغدىن چۈشكەن مالچىلار- غا ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئۇلاردىن تاغلار ھەققىدە سورايتتىم. مالچىلارنىڭ تاغ ھەققىدە دەپ بەرگەنلىرى مىنى خۇددى مومام ئېيتقان چۆچەكتەك ناھايىتى قى- زىقتۇراتتى. شۇ چاغدا كىشىلەر، ئاشۇ تاغلار ئارىسىدا «ئاچما» دەپ ئاتالغان بىر كەنتنىڭ بارلىقىنى، ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئادەمى بارلىقىنى ئېيتقاندا ئۇ ماڭا، ئوخشاشلا بىر چۆچەكتەك ئاڭ- لانغانىدى. كېيىنچە، تاغلار ئارىسىدا ياشايدىغان ئاشۇ كىشىلەرگە— ئاچمى- لىقلارغا قىزىقىسىنىپ قالدىم. ئۇلار- نىڭ ئاشۇ تىك تاغ چوققىلىرى ئارى- سىدا قانداق تىرىكچىلىك قىلىدىغان- لىقى، نېمىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرى- دىغانلىقى ماڭا نىسبەتەن بىر تېپىش- ماق ئىدى.

بالىلىقتىكى ئارزۇ - ھەۋەسلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا چوڭ بولۇپ قاتارغا قېتىلغىچە ھەمراھ بولۇپ كېلەلىشى ناتايىن. لېكىن ئارىدىن ئون نەچچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، مەندىكى بۇ خىل ھەۋەس يوقاپ كەتمىدى. ئەكسىچە يىلسېرى بوي تارتتى. يازلىق تەتىل كۈنلىرىدە، يېزىلىق كىنو ئەترىتىدى- كى ئاغىنەم ئىمىنىڭ ئاچمىغا كىنو قويۇشقا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قال- دىم - دە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقىپ، ئاچمىنى كۆرۈپ كېلىش قارارىغا كەلدىم.

بىز «ئۆكتەبىر» ماركىلىق كىچىك تراكتورغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. بىللە ماڭغانلار ئىچىدە، ئۆتكەن يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتىپىمىزگە تەق- سىم قىلىنىپ كەلگەن شەۋكەت، ئىمىن- نىڭ ياردەمچىسى ئەخمەت قارىملارمۇ بار ئىدى.

ئەخمەتنىڭ بىر كۆزى ئەلەس بول- غاچقا، ئۇنىڭغا «قارىم» دېگەن لەقەم- نى قويۇۋېلىشقان، ئەمدىلىكتە بۇ لە- قەم ئەخمەتنىڭ ئۆزىگىمۇ ئۆزلىشىپ كەتكەنىدى. تەڭتۇشلىرى ئۇنى چاقىر- غاندا، ئىسمىنىڭ ئورنىغا «قارىم» دەپلا چاقىراتتى. ئەخمەتمۇ ئۇنىڭغا ھاقارەت مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىسمى بىلەن ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلاتتى.

بىز ساي يولىغا چۈشۈپ، بىرەر سا- ئەت ماڭا - ماڭمايلا، ئۇچلۇق تاغ چوققىلىرى بارغانسېرى ئېنىق ۋە چو- ڭىيىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— كۆزلىرى تېلىپ قالىدۇ مۇئەللى- ماي،— دېدى مېنىڭ تاغ چوققىلىرىغا قىزىقىپ قاراپ كەتكىنىمنى كۆرگەن ئەخمەت قارىم،— كۆرۈنگەن ئاشۇ چوق- قىنىڭ تۈۋىگە بارغىچە ساق يېرىم كۈن ماڭىدىغان گەپ تېخى،— يولبويى ئاچ- مىلىقلار ھەققىدە قىزىق پاراڭلار بو- لۇپ تۇردى.

— ئىمىن ئاخۇن، ئاچمىلىقلارنى كىنودا ئۇدۇل چېپىپ كېلىۋاتقان ئات- نى كۆرسە دەسسىۋېتىدۇ دەپ، قېچىپ كېتىدۇ دېيىشىدىغۇ؟!

— ئاچمىنىڭ قىز - چوكانلىرى بۇ تەرەپتىن چىققان ئەرەكتە ئادەملەرنى كۆرسە، قۇيغىلى يەر تاپالماي قالغان توخۇدەك تىپىرلاپ تۇرالماي قالىدۇ.

— مۇختار مۇئەللىممۇ خوتۇن ئې- لىپ كىرەمدۇ تېخى ئۇ يەردىن...

بىز ئەگرى - بۈگرى، ئىگىز - پەس

دۆڭلۈكلەردىن ئېشىپ، ئۈچ سائەتتىن
ئارتۇق ماڭغان بولساقمۇ، ھېلىقى يې-
قىنلا يەردە كۆرۈنۈۋاتقان تاغ چوقـقى-
لىرى بىزدىن قېچىپ كېتىۋاتقانـدەك،
يېقىن ئۇپۇقتا بىر خىل چـوقچىيـىـىپ
تۇراتتى. ماڭا ئەمدى ئۇ چوققىلار ئە-
مەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەستەك، تىلسى-
ماتقا ئوخشاش ھەر قانچە ماڭساقمۇ،
ئۇنىڭغا مەڭگۈ يېتەلمەيدىغاندەك بـىـ-
لىنىشكە باشلىدى. تراكتـور بىر خـىل
سۈرئەتتە ئاستا كېتىپ بارـدۇ. كـۈن
نۇردىنىڭ قىزدۇرۇشى، سايـىنىڭ قـۇر-
غاق شامىلى ۋە يولنىڭ ئۇزاقلـىـقى
ھەمراھلىرىمنى چارچاتتى بولغاي، با-
يىقى پاراڭنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قـالـ-
دى. پەقەت شەۋكەتلا روھلۇق ئولتـۇ-
رۇپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى.

بىر چاغلاردا تراكتور پەسكە شۇڭغى-
ۋىدى، ئارىلىقنى مۆلچەر قىلغىلى بولـ-
مايدىغان چوڭقۇرلۇقتا بىر پارچە يـې-
شىللىق كۆزگە چېلىقتى. يېشىللىقنىڭ
ئوتتۇرىسىدا كۈمۈش بەلباغدەك بـىـر
كىچىك ئېقىن تولغىنىپ ئېقىپ تۇرۇپ-
تۇ. سىنچىلاپ قارىغانىدىم، سۈپـۈرگە
چوڭلۇقىدىكى دەرەخلەر، ئۇ يـەر - بۇ
يەرلەرگە رەتسىز سېلىنغان شاخمـات
تاختىسى چوڭلۇقىدىكى ئۆيلەر كۆرۈن-
دى. ھەيران قالغانلىقىمدىن ئورنـۇم-
دىن تۇرۇپ كەتكىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتى-
مەن. مەن شوپۇرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشـى
بىلەن چاپسان ئورنۇمغا چاپلىشـىـپ
ئولتۇرۇۋالدىم . شوپۇر تـراكـتورغـا
ماڭدامدا بىر تورمۇز بېرىپ ماڭـدى.
پەسكە چۈشكەندىن كېيىن قارىسام، بىز
شۇنداق ئېگىز تىك تاغ ئۈستـىـدىـن
چۈشۈپتۇقكى، ھازىرلا شۇ يەردىن چۈش-
كەنلىكىمىزگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. ما-
نا بۇ، بىز يەتمەكچى بولغان مەنزىل-
ئاچما ئىدى.

× ×

ئىمىن ئاخۇن تراكتورنى بىزچۈش-
كەن ئېگىزلىكتىن ئانچە يىراق بولمى-
غان بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاتـتى.
ئەتراپقا زور قىزىقىشتا سەپسالاتـتىم.
شەرق ۋە غەرب تەرىپىمىزدە شىمالدىـن
جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان غـايەت ئـې-
گىز ئىككى تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.
غەربتىكى تـاغ قۇياشنى توسۇپ تـۇر-
غانلىقتىن، تاغ باغرىدىن بىز تۇرغان
يەرگىچىلىك بولغان بوشلۇقنىڭ ھەم-
مىسى كۈكۈم قاراڭغۇلۇققا چۆككـەن،
بىز تۇرغان جايدىن شەرقتىكى تاغنىڭ
چوققىلىرىغىچە بولغان ئارىلىق، قـۇ-
ياشنىڭ يارقىن نۇرلىرىغا چۆمـۈلـۈپ
تۇراتتى. لاي توپىدىن قوپۇرۇلغان پا-
كارغىنە ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۈج-
مە سېلىنغانىدى. ئۈجمىلەرنىڭ ھەممى-
سىنىڭ غولى توم، ئەمما بويى پاكـار
بولۇپ، ئۈچ قويۇپ ئۆسەلمىگەنـىـدى.
ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە كۆرۈنگـەن ئـۆ-
رۈك، تېرەك، جىگدە ۋە باشـقـا دەرەخ-
لەرگە قارىدىم، ئۇلارنىڭمۇ غولى تـوم
ئەمما ئۆسۈمى بىزنىڭ يەرلىك دەرەخ-
لەرگە قارىغاندا پاكار كۆرۈنەتتى. بۇ
يەردە دەرەخلەرنىڭ ئۈچ قويـۇپ ئـۆ-
سەلمەسلىكىدىكى ئاساسلـىق سـەۋەب،
تۇپراق قاتلىمىنىڭ تاشلىق بولغانلى-
قىدا بولسا كېرەك.

بېشىغا ئاپئاق ئەرەب دوپپىسى، ئاق
رەختتىن كونىچە پاسوندا ئالـدى يـې-
پىق كۆڭلەك كىيگەن، چار ساقال، مەي-
دىسىدىن ساقىلىدەك چالا ئـاقـارغـان
تۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان، چىرايى نې-
گىزدەك قاپقارا بىر دېھقان بىزنى سۈ-

پەيغا باشلىدى. سايىنىڭ قۇرغاق شامى-
لى ۋە ئىسسىق ئازابىدىن كۆزلىرىمىز
قىسىلىپ تۇرغاچقا، تۇزۇت قىلىپ تۇر-
مايلا گۈللۈك كىگىز سېلىنغان سۇپىغا
ئۆزىمىزنى ئاتتۇق. سېغىز سۇۋاق ئۆي-
نىڭ بىر تېمىنى ئۈچ - تۆت مېتىر ئۇ-
زۇنلۇقتىكى خادىدىن قىلىنغان كىيىم
ئاسقۇدىكى خورجۇن، جۇۋا، ئەرەنچە- ئا-
يالچە مىنگەشتۈرۈپ ئېسىپ قويۇلغان
كىيىم - كېچەكلەر توسۇۋالغان، يەنە
بىر تامغا، تام بويلىتىپ تەكچە چىقى-
رىلغان بولۇپ، مورا بېشىدىن تاكى
كەسمە تامغىچە ئالاھىزەل يىگىرمىدەك
گۈللۈك چىنىلەر قاتار قىلىپ زىننەت
بۇيۇمى ئورنىدا تىزىۋېتىلگەنىدى.
ئۆي ئىگىسى بىزنى شۇ يەرنىڭ هار-
دۇق ئېشى دەپ ئاتالغان، چامغۇر سې-
لىنغان سۇيۇق ئاش بىلەن مېهمان
قىلدى.

كەچ كىردى. ئىمىن ئۆي ئالدىدىكى
بىر پارچە بوشلۇققا ئېكراننى ئاستى.
قارشى تەرەپتىكى بىر تۈپ تېرەككە
ئېشەك هارۋىسىنىڭ شوتىسىنى چاتتى-
دە، ئۈستىگە ئاپپاراتنى ئورناشتۇرۇپ
كىنونى باشلىدى. كىنو كۆرۈشكە كەل-
گەنلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، هەر
هالدا ئۇلار ئارىسىدا ئەرلەرمۇ، ئا-
ياللارمۇ بار ئىدى، بالىلارمۇ، ئوتتۇ-
را ياشلىقلارمۇ، قېرىلارمۇ بار ئىدى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، تراكتور
بىلەن يەنە ئىچكىرىلەپ يۈرۈپ كەت-
تۇق. تراكتور تۈنۈگۈن بىز تاغ ئۈس-
تىدىن چۈشۈۋاتقاندا كۆرۈنگەن ئېقىنغا
كىردى. بۇ بەش - ئالتە مېتىر كەڭلىك-
تىكى بىر ئۆستەڭ بولۇپ، يەرلىك كى-
شىلەر ئۇنى «ئاچما دەرياسى» دەپ ئا-
تىشىدىكەن. سۈيى بەك ئۇلۇغ بولمى-
سىمۇ، شاۋقۇنى يامان ئىدى. ئۆستەڭ-
نىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە كارىۋات
چوڭلۇقىدىكى هەر خىل شەكىللىك تاش-
لار رەتسىز ياتاتتى. زۇمرەتتەك سۈپ-
سۈزۈك تاغ سۈيى ئاشۇ تاشلارنى ئاي-
لىنىپ، ئۇنچىلەر چاچرىتىپ ئاقاتتى.
بىز ئاچما دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئون مى-
نۇت ماڭا - ماڭمايلا يەنە بۇ قاتقا ئۆ-
تەتتۇق. بۇ قېتىم يەنە ئۇ قاتقا ئۆ-
تەتتۇق. كېيىنچە بۇنداق ئۇ ياقتىن-
بۇ ياققا كېچىك ئاتلاپ يۈرۈش نەچچە
ئون قېتىملاپ تەكرارلاندى. ئاچمىلىق-
لار ئەسلىدە ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرى-
سىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مۇشۇ ئېقىنى-
نى بويلاپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئۇلار
مۇشۇ ئېقىنغا تايىنىپ، يەر تېرىيدى-
كەن ۋە چارۋا - مال باقىدىكەن. ئىك-
كى ئوتتۇرىدىكى جىلغىنى بويلاپ
ئىلگىرىلەۋاتىمىز، گاه
ئادەمسىز تاغ قاپتاللىرىدا
كېزىپ يۈرسەك هايال ئۆتمەي يەنە
بىر - ئىككى ئائىلىلىك ئۆي ئالدى-
مىزدا مۆجىزىدەكلا پەيدا بولۇپ قالات-
تى. ئەجەپلىنەرلىكى، يولنىڭ تارلىقى-
دىن ئۆيلەرنىڭ دەرۋازا ياكى ئەگۈن
ئىشىكلىرى ئالدىدىن سۈركىلىپ دېگۈ-
دەك ئۆتۈپ كېتەتتۇق. ناگان - ناگاندا
ئات ياكى ئېشەك مىنگەن يولۇچىلار
ئۇچراپ قالاتتى. ئاۋغۇست ئايلىرى
بولسىمۇ، بۇ يەردە بۇغداي ئورمىسى
ئەمدىلا باشلىنىپتۇ. يول بويىدا بۇغ-
داي ئوروۋاتقان ئورمىچىلار ئورۇنلى-
رىدىن تۇرۇپ بىزگە قاراپ قېلىشتى.
سائەت ئون بىرلەردە ئەتراپنى بوك-
كىدە سۆگەت ۋە تاغ سەگۈلىرى قاپلى-
غان دەريا بويىدىن، ئىككى تەرەپتىكى
تاغ باغرىغىچە ياپيېشىللىققا پۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەنگەن، يىراقتىن تاغ چوققىلىرى
مەپتۇن بولۇپ بويۇنداپ قاراۋاتقان-
دەك كۆرۈنىدىغان بىر مەنزىرىلىك
يەرگە كېلىپ تىراكتوردىن چۈشتۇق.
بۇ يەرنى «ئۇلۇغبەل» دەپ ئاتىشى-
دىكەن. ئاچما دەرياسى بويىغا سېلىن-
غان، دەرۋازىسى دەرياغا قارايدىغان
باغ - ۋارانلىق بىر ئۆيگە كېلىپ
چۈشتۇق. ئىمىنىڭ دېيىشىچە بۇ ئاچ-
ما بويىچە تونۇلغان باي، قۇربان ئا-
خۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى ئىكەن.
تاغدا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق قويى،
ئەللىكتىن ئوشۇق كالا - قوتازلىرى
بارمىش. هويلىدىكى رېشاتكىنى بوي-
لاپ باراقسان گۈللەر ئېچىلغانىدى.
ئايۋان ئىشىكى ئالدىدا ئەللىك بەش-
لەرنىڭ قارىسىنى ئالغان سېمىز، قور-
ساقلىق شاپ بۇرۇت ئادەم ئالدىمىزغا
كېلىپ، بىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىش-
تى. زىلچا - گىلەملەر ئۈستىگە تاۋار
كۆرپىلەر تاشلاندى. هاۋالىق، ئازادە
ئايۋان سۇپىسىدىن ئورۇن ئالدۇق.
قۇربان ئاخۇن، ئىمىن بىلەن قايتىدىن
تىچلىق - ئامانلىق سوراشتى. تاماق-
تىن كېيىن كۆرپىلەر ئۈستىگە ئاپئاق
مامۇق ياستۇقلار قويۇپ بېرىلدى. ئاي-
ۋانىنىڭ روجەكلىرىدىن تاغ شامىلى
ئەركىن ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا،
ئۆينىڭ هاۋاسى ئادەمگە راهەت - هۇ-
زۇر بەخش ئېتەتتى. هەمراهلىرىم
ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشتە ئۇخلاشنى ئۆ-
زۈمگە ئادەت قىلمىغانلىقىمدىنمۇ ئە-
تاۋۇر كۆزۈمگە ئۇيقۇ يېقىن يولىمىدى.
بىرەر كىتاب ئېلىپ چىقمىغانلىقىمغا
ئۆكۈندۈم. ياستۇققا جەينىكىمنى تى-
رەپ، خىيال سۈرۈۋېتىپ بىردىنلا ياس-
تۇق يۈزىدىكى كەشتىگە كۆزۈم چۈشتى.
ياستۇققا، پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل-
گۈل ۋە گۈلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
شاختا بىر - بىرىگە تەلمۈرۈپ، قارى-
شىپ ئولتۇرغان بارماقچىلىق ئىككى
دانە قۇشنىڭ ئوبرازى ئۇستىلىق بىلەن
چۈشۈرۈلگەنىدى. بۇ تەسۋىر بىر
جانلىق، لىرىك مەنزىرىنى كۆز ئال-
دىمغا كەلتۈردى. ئاستى تەرىپىدە يەنە
شوخ هالرەڭ يىپ بىلەن چۈشۈرۈلگەن
«قەمەرنىسا» دېگەن ئىسىم روشەن چې-
لىقىپ تۇراتتى.

هەمراهلىرىم شېرىن ئۇيقۇنىڭ
پەيزىنى سۈرۈشكە باشلىدى. يېزىدىن
يولغا چىققاندا كۆڭلۈمگە پۈككىنىم
بويىچە، بۇ ئۆزگىچە مۇهىتنىڭ ئىل-
هامى بىلەن بىرەر پارچە لىرىكا تو-
زۇش خىيالىدا سىرتقا چىقتىم. ئاچما
دەرياسى شارقىراپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ.
پەسكە چۈشۈپ، تاغنىڭ مۇزدەك سۈيى-
دە يۈز - كۆزۈمنى يۇدۇم. ئېقىننى بوي-
لاپ بىردەم پەسكە قاراپ ماڭغاندىن
كېيىن، قوناقلىق ئارىسىدىكى چىغىر
يول بىلەن مېڭىپ، تاغ قاپتىلىدىكى
قويۇق شاخلىرى ئەتراپقا سايە تاشلاپ
تۇرغان بىر توپ ئۆرۈكنىڭ تۈۋىگە
كېلىپ ئولتۇردۇم. ئەمدىلا بىر نەچچە
مىسرا تىزىۋىدىم، ئۇشتۇمتۇت باش
ئۈستۈمدە بىرسى قاراپ تۇرغاندەك بى-
لىنىپ كەتتى؛ بېشىمنى ئىتتىك كۆ-
تۈردۈم، كۆتۈردۈم - يۇ، لاللىيىپ تۇ-
رۇپ قالدىم. ئالدىمدا ئون ئالتە- ئون
يەتتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان،
سەهرا قىزلىرىغا خاس ساددا، ئەمما
پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن، قولىدا ئورى-
غاق، بېدە يۇدۇۋالغان بىر قىز تۇرۇپ-
تۇ. يۈزى سەل سوقىچاق، ئىككى مەڭ-
زىنىڭ ئوتتۇرىسى چوغدەك قىزىل،

قالغان قىسمى سۈتتەك ئاق، خۇما كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ قىز، بەئەينى بىر پەرى ئىدى. بىز شۇ ھالەتتە بىردەم قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق، تىلىم كالۋالاشتى.

— ئۆرۈكنىڭ سايىسى ئوبدانىكەن؟

— مۇ ... مۇشۇ يەردە بىردەم ...

ئۇ بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. قىز ھەر بىر قەدەم ئالغاندا، يۇدۇۋالغان بېدە بىر سىلكىنەتتى. ئۇنىڭ بېشىنى بېدە توسۇۋالغان، قىزىل يوپكىسى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان پۇتلىرى تېز - تېز ئالمىشاتتى. قىز يۇدۇۋالغان بېدىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈنۈپ، سىلكىنىپ بېرىشىغا قاراپ، ئۇنىڭ دەريا بويىلاپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

قولۇمغا قايتىدىن قەلەمنى ئالدىم. ئەمدىلىكتە تۈزگەن مىسرالىرىم، كۆڭلۈمدىكىدەك يارقىن چىقمىدى. دەپتەرنى يېپىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

× ×

كەچكىرىشكە باشلىدى. ئەتراپنى تونۇر كاۋىپىنىڭ ئىشتەينى ئاچىدىغان مەززىلىك ھىدى بىر ئالدى. ئالدىمىزغا داستىخان سېلىۋاتقان ئايال ساھىبخان ھويلا تەرەپكە قاراپ چاقىردى:

— قەمەرنىسا! — تاشقىرىدىن «ھە» دېگەن ئىنچىكە ئاۋاز ئاڭلاندى، مەن ئۇنى - بۇنى ئويلاپ بولغىچە، بايا ئۆرۈك تۈۋىدە ئۇچراشقان ھېلىقى قىز تاماق كۆتۈرۈپ كىردى. مەن، نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ قالدىم. قىز قولىدىكى لېگەننى ئالدىمىزغا تۇتقۇزۇپ، يەنە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

«قەمەرنىسا» دېگەن ئىسىم، ياستۇققا چېكىلگەن «قەمەرنىسا» بىلەن ئىسىمداش بىرسىمىدۇ ياكى شۇنىڭ ئۆزىمىدۇ؟ كۆڭلۈم ئاللىقاچان «شۇ، دەل ئۆزى شۇ!» دەپ جەزم قىلىشقا ئالدىرايتتى. تاماقتىن كېيىن، ئىمىن كىنو قويۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتىم. كۆڭلۈمدە «قەمەرنىسا سىرتقا چىقسا ئىكەن» دېگەننى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي، قەمەرنىسا خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا قولىغا ئورغاق ئېلىپ بېدە ئورۇشقا ماڭدى. بىراق، يەنە ئۆزۈمچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بېرىش - بارماسلىق ھەققىدە ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. تۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە، «ھاي، ئەخمەق، ئۇ سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ. قىز قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان بۇ سېنىڭ مەھەللەڭمىدى؟ قويرۇقىڭنى قىسىپ، يولۇڭغا ماڭ!» دەپ ئاگاھلاندۇرسام، يەنە قانداقتۇر ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر خىل نامەلۇم ئۈمىد مېنى قىزنىڭ كەينىدىن بېرىشقا ئۈندەيتتى. سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، قەمەرنىسانىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ، قوناقلىقتىكى چىغىر يولدىن چىقىپ، ھېلىقى ئۆرۈكنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن يەنە تېرەك، جىگدە كۆچەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن قاشانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، قارىسى يىتتى. قەدىمىمنى تېزلەتتىم. قەمەرنىسا بىر نەچچە ئورام بېدە ئورۇشىغىلا ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ، چۆچىگەندەك ئورنىدىن تۇردى - يۇ، يەنە تېزلا ئولتۇرۇۋالدى. مەن ئاۋال گەپ تەشتىم.

— سىز قۇربان ئاخۇنكامنىڭ قىزىما؟

— ھىم مم!

قەمەرنىسا بىردە ئورۇشتىن توختاپ، قولىدىكى ئورغاقنى يەرگە مەقسەتسىز ھالدا چوقۇپ ئولتۇراتتى، ئۇ تۇيۇقسىز يەردىن بېشىنى كۆتۈردى.

— سىلى مۇئەللىمما؟

— ھەئە، سۆگەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە.

— مەنمۇ باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەندە سۆگەتلىككە كىرىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇي دېسەم، دادام قويمىغان، — قەمەرنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپقا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ماڭا يېلىنىش مەنىسىدە تىكىلدى. ئۇ ھودۇقۇش ئارىلاش سۆزلەيتتى.

— دادام كۆرۈپ قالسا...

مەن چۈشەندىم. ئۇ ئىككىمىزنىڭ بىرگە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ مېنى ئۆز يېنىدىن قوغلىماقچى بولغانلىقى ئەكسىچە مېنى بىر ئاز دادىللاشتۇرۇپ قويدى. مەن قايتماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئۇنىڭغا دېدىم:

— كەچتە چىقالارسىزمۇ؟ ئازراق گېپىم بار ئىدى.

— ياق.

پۇشايمان، چۈشكۈنلۈك، يەنە ئىنتىلىش ئارىلاشقان خىياللار ئىلكىدە مەيۈس قايتىپ كەلدىم. ئىمىنلەر كىنونىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈنئالغۇدىن كانايغا ناخشا قويۇپ بېرىپ، دەريانىڭ تېيىز يېرىدىكى قورام تاشتا ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى سۇغا چىلاشقىنىچە تاماكا چېكىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. مېنى كۆرۈپ، قارىمىنىڭ ئېغىزى قىچىشتى.

— قونالىقتىن كىرمەيلىميا مۇئەللىم، بىرەرسىنى تېپىۋالدىلىمۇيا؟ — ھەمراھلىرىم كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىمىن قولۇمدىكى دەپتەرگە قاراپ قويۇپ دېدى:

— مۇئەللىم قوشاق يازىدۇ، قوشاق.

مەنمۇ بىر تال تاماكا ئوراپ، ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدۇم.

كىنو مەكتەپنىڭ مەيدانىدا باشلاندى. كىنو بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، تۆت-بەش قىزنىڭ يان تەرىپىمگە كېلىپ ئولتۇرغىنىنىمۇ سەزمەپتىمەن. قارىسام، قەمەرنىسا يېنىمدىلا ئولتۇرۇپتۇ. ئارىلىقىمىز شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى، جەينەكلىرىمىز تېگىشىپ دېگۈدەك تۇراتتى. ۋۇجۇدۇمدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تەشنالىق، غايىبانە ئىنتىلىشنى سەزدىم. كىنو قويۇلۇۋاتقان چاغدىكى قاراڭغۇلۇقتا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. قەمەرنىسا راستىنلا سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ بىلىندۈرمىدىمۇ ئىش قىلىپ، كىنودىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئېكراندا بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ نازۇك مۇھەببەت كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتمەكتە.

مەن شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە پەۋقۇلئاددە جۈرئەت بىلەن قەلبىمدىكى بارلىق ھېسلىرىمنى ئوڭ قولۇمغا جەملەپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم! پۈتۈن بەدىنىم بوشاپ، ئۈستىخانلىرىم ئېرىمەكتە. يۈرىكىم ئويناپ، قانلىرىم ئوت ئېلىپ كۆيمەكتە. ئۇ، قولىنى ئاستاغىنە تارتىۋالدى. كىنو تۈگىدى. مەيداننى قويۇق چاڭ - توزان قاپلىدى. كىشىلەر مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تەرەپ-تەرەپكە تاراپ كېتىشتى. قەمەرنىسانىڭ كەينىمدە قالغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتىم. بىر خىل كۈچ پۇتلىرىمنى تارتقۇشلايتتى. ئاخىرى بەتنىكەمنىڭ بو-

غۇچىنى چىڭىتقان بولۇپ، ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلدىم.

— قەمەرنىسا، بىز ئەتە كىرىپ كېتىمىز، كېچىچە بىر ئامال قىلىپ، باغ ئىشىكىڭىزگە چىقسىڭىز، ئازراق گېپىم بار ئىدى.

— چىقالمايمەن.

تۇرۇپلا قالدىم. قانچىلىك تۇرغىنىمنى، ئاستا ئايلىنىپ، موخۇركىدىن قانچىنى ئوراپ چەككىنىمنى بىلمەيمەن. ياتقىنىمغىمۇ خېلى ئۇزاق بولدى، كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. ھەممەيلەن ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاۋايلاپ دەسسەپ، سىرتقا چىقتىم. ئەمما ئايۋاننىڭ ئىشىكىدىن چىقىپلا توختاپ قالدىم. قەمەرنىسانىڭ ئۆيىدىكىلەر ھويلىدىكى باراڭلىق ئاستىغا سېلىنغان سۇپىدا يېتىشقانىكەن. ئېھتىمال قۇربان ئاكا بولسا كېرەك، سوزۇپ خورەك تارتاتتى. يەنە چاچقا تاغاق سالغان چاغدىكى تاۋۇشقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇزۇن، يېنىك نەپەس تاۋۇشىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ باغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىم. كېچە ھاۋاسى ساپ، تازا ھەم سالقىن ئىدى. ئاچىما دەرياسى بىر خىلدا شارقىرايتتى. دەرەخلەر قارا كۆلەڭگىدەك، بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرىنەتتى. مەن قەمەرنىسانىڭ «چىقالمايمەن» دېگىنىنى ئېنىق ئاڭلىغان ھەم ئۇنىڭ چىقالمايدىغانلىقىنى جەزم قىلغان بولسامۇ يەنە قانداقتۇر بىر مۇرەككەپ ئىچكى تۇيغۇنىڭ دەۋىتى بىلەن باغ ئىشىكىگە كېلىپ ئولتۇردۇم. ئاچىما دەرياسى شارقىرايدۇ. ئويغاق يۇلتۇزلار خۇددى مېنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرۇشتىكى سىررىمنى بىلىۋالغاندەك ماڭا قاراپ ھەييارلىق بىلەن قاش ئۇچۇرىدۇ. ۋاقىت ئۆتمەكتە، توساتتىن باغ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ھاجەتخانىغا بارىدىغان يولدىن بىرسى ئۆتۈپ كەتتى. جىددىيلەشكەنلىكىمدىن يۈرىكىم بوغۇزۇمغا كەپلەشتى. قىمىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. ناۋادا ئۇ، قەمەرنىسانىڭ ئانىسى بولۇپ «باغ ئىشىكىدە تۇرغان كىم ئۇ؟» دەپ قالسا، نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ يەردە ئولتۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قالغان بولسا، قانداق بولار؟ ياكى مېنى ئوغرى دەپ گۇمان قىلىپ، ۋارقىراپ تاشلىسا، ئۇ چاغدا...» قارا كۆلەڭگە باغ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئاستا توختىدى. پۇت - قولۇم سىرقىراپ كەتتى. مەن دېگەن بۇ ئۆيگە مېھمان، كېچىسى كىشىنىڭ بېغىدا پايلاپ ئولتۇرۇشنى نېمە دەپ چۈشەندۈرگۈلۈك؟ «ھېچنېمىگە قارىماي قاچ!» دېدىم ئۆزۈمگە. ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدىم، ھېلىقى «قارا» مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. يېقىنلاپ قالدى. «ئاھ، ئۈلگۈرەلمىدىم».

— چىقمايمەن دېگەن - يا، مەن.

بېشىم بىر پىرقىراپ توختىدى. ئۆزۈمنىڭ كۆڭلەكچان، كېچە ھاۋاسىنىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي تەر بېسىپ كەتتى. يۈرەك سوقۇشۇم ئاستا - ئاستا نورماللاشتى. مەن كۆزۈمدىن ئۇيقۇنى قاچۇرغان، قەلبىمدىن ئارامنى قوغلىغان، شېرىن ئەمما شەپقەتسىز ئازابلار بىلەن مېنى باغ ئىشىكىگە سۆرەپ چىققان بۇ ئارمانىمنى باغرىمغا تارتتىم. ئۇ تىترەيتتى، تىنىقلىرى سوزۇلۇپ چىقاتتى. لەۋلىرىمىز جۈپلەشتى... بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن يەنە مەن ئېغىز ئاچتىم.

— قەمەرنىسا، بىز توي قىلايلى!

— ...

— سىز قوشۇلامسىز؟

— ...

— سىز بىز تەرەپلەرگە كىرىپ باققانمۇ؟

— ھەر يىلى قۇربان ھېيتتا ئاچامنىڭ ئۆيىگە كىرىمىز.

— ئاچىڭىز نەدە؟

— سۆگەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپتە بالا ئوقۇتىدۇ.

— ئېتى نېمە؟

— ئايىمنىساخان، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان مۇرات شوپۇرنىڭ خوتۇنى.



خۇشال بولغىنىمدىن دەماللىققا قىلغىلى گەپ تاپالماي قالدىم. مۇراتنى تونۇيتتىم. بىراق، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ئىچىدىن ئايىمنىساخانىمنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالمىدىم. قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ سۆگەتلىككە يولى بار ئىكەن.

— ئاچىڭىزنىڭكىگە قاچان كىرىسىز؟

— قۇربان ھېيتتا.

— ئاچىڭىز بىلەن كۆرۈشۈشنى باھانە قىلىپ، يالغۇز كىرەلەمسىز؟

— دادام مېنى يالغۇز ماڭغۇزىدۇ دەمسىز؟

بۇ ئۇنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم «سىز» لەپ سۆزلىشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەلەپپۇزى ماڭا خۇددى بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھەر ئىككىمىزنىڭ راز دىلىقى ۋە ئۆز خاھىشىغا ئايلىنىپ بولغاندەك تۇيغۇ بەردى. ئۇنى قايتىدىن باغرىمغا باستىم.

× ×

ئەمىن بىزنى ئويغاتقاندا، ئايۋاننىڭ كۆڭگۈرىسىدىن چۈشكەن نۇر تالالىرى ئايۋان سەھنىسىدە چىرايلىق شەكىللەرنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەمىن سۆگەتلىكتە ھاراقنى بولۇشىغا كەپلەپ ئىچىپ، يىل، ئون ئىككى ئاي ھاراق كېكىرىپ يۈرۈيدىغانلاردىن بولسىمۇ، «يەكچەشىنىڭ شەھرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىس» دېگىنىدەك، ئاچىمغا چىققاندىن بېرى ئىخلاسمەن نامازخان بولۇۋالغانىدى.

ناشتىغا ئولتۇردۇق. ئۈنئالغۇدىن مەن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ئابدۇللا مەجنۇننىڭ ئورۇنلىشىدىكى خوتەن خەلق ناخشىلىرى ياڭراشقا باشلىدى.

زىبەخانىنىڭ باغى بار، باغۋەنى يوق

زىبەخانىنىڭ دەردى بار، دەرمانى يوق.

زىبەخانىنىڭ باغىغا باغۋەن بولايمەن

يارى - يار،

زىبەخانىنىڭ دەردىگە دەرمان بولاي.

بۇ ناخشىنى مەن تالاي قېتىم ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىك مېغىزىنى چېقىپ، كۆپ قېتىم ھۇزۇرلانغان بولسامۇ، ئەمما ماڭا بۇ قېتىم، ئىلگىرى بۇ ناخشىنىڭ تېگىدىكى گۈزەللىك قاتلاملىرىغا تېخى يېتىپ بولالمىغانىدەك، ئۇنىڭ تەكتىدە قانداقتۇر ھايات بەخش روھ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، سەكراتتا ياتقان ئىنسانغا شىپالىق بېرىپ، ئۆلۈككە جان كىرگۈزەلەيدىغان سېھرىي قۇدرەت باردەك تۇيۇلدى.

ناشتىدىن كېيىن بىز قايتماقچى بولدۇق. تراكتور ئوت ئالدى. ماتوردىن غەم - تەشۋىشكە، شېرىن - ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلارغا تويۇنغان بىر خىل نالە - پەرياد ساداسى كېلەتتى. ئىنىلەر تراكتورنىڭ يېنىدا شەۋكەت ئىككىمىزنى كۈتۈپ تۇراتتى. قۇربان ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن خوشلاشتۇق. قەمەرنىسا ئايۋان ئىشىكىدە تۇراتتى. ئۇ بىزنى شۇ يەردە ئۈنسىز، ئىپادىسىز ئۇزىتىپ قالدى. قۇربان ئاكا ئايالى بىلەن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، قەمەرنىسا چېلەك كۆتۈرۈپ سۇغا چىققانىكەن. مەن كوزوپتىن چۈشمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋاتسام، تراكتور مېڭىپ كەتتى. يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالدىم. مەن كېتىۋېتىپ قول پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتىم. ئۇ قولىدا چېلەكنى تۇتقىنىچە سۈرەتتەك قېتىپ تۇراتتى. كېيىن قولىدىكى چېلەك چۈشۈپ كەتكەنىدەك كۆرۈندى.

بىردەمدىلا مەنزىلدىن يىراقلاپ كەتتۇق. ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا قەمەرنىسا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي كەتتى. تراكتور دەريانىڭ بۇ قېتىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر جىلغا ئىچىدە ئېقىن بويلاپ كېتىپ بارىمىز. بىرسى بوينۇمدىن سىرتما قىلىپ ئېلىپ ماڭغانىدەك ئارقامغا قارايمەن. ئامال قانچە؟ بىز ئۆلۈشكۈن چۈشكەن ھېلىقى ئېگىزلىككە يېتىپ كەلدۇق. تراكتور تەيسىرىگەنىدەك، كۈچەپ تاق-تاقلاپ، بەش-ئالتە ماڭدامدا بىر توختاپ، يەنە ئېگىزگە ئۆرلەيتتى. كۆزۈم ئارقىدا، ئاسمان بىلەن تۇتاشقان تاقىر تاغ چوققىلىرىدا، ئەنە ئاۋۇ تاغ چوققىسىدىن كۆلخان ئوتنىڭ ئاتەش تىلىغا رەڭداش، ھالرەڭ ياغلىق چەككەن بىر قىز قول پۇلاڭلىتىپ ماڭا خوش دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تەرەپتىكى تاغ چوققىسىدىمۇ شۇ ھالەت، شۇ كۆرۈنۈش. بىراق، مەن خوش دېيەلمەيتتىم. ئىككى كۈندىن بېرى قەلبىمگە، مەن ھازىرغىچە ھېس قىلىپ يەتمىگەن ھاياتلىق ئىشقىنى، ھاياتلىق لەززىتىنىڭ ئۇرۇقىنى ئاپىرىدە قىلغان، بۇ ئىلاھى قۇدرەتكە ئىگە تاغلارغا ھەرگىز خوش دېيەلمەيتتىم.

تراكتور ساي يولىغا چۈشتى. «زىبۇخان» نى غىڭشىيمەن. بۇ ناخشا بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئوقۇلغان ناخشا. ماڭا ئۇنىڭ پەرىشتىدەك پاك، سۆيۈملۈك، دىلبەر سىماسىنى كۆز-كۆز قىلاتتى. ئەمدىلىكتە بۇ ناخشا، ئەتىگەنكىدەك چەكسىز گۈزەللىك، شېرىن ھېس - تۇيغۇلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر خىل ئاچچىق ئازاب، سوغۇق ئۆرتىنىش تۇيغۇسىنىمۇ ئويغاتماقتا ئىدى. بېرىپ - بېرىپ ئاۋازىمنى بولۇشىچە قويۇپ بەردىم. ئارقىدىن، شەۋكەت، ئەخمەتقارىلارمۇ جۆر بولۇشتى.

تۆت ئەتراپتىن ھاياتلىق نىشانىسىنى تاپقىلى بولمايدىغان غىلاڭ تاشلىق،

قاقاس سايىدا، بىزنىڭ ئاۋازىمىز تراكتورنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى.

× ×

تاغدىن چۈشكىنىمگە ھەپتە بولدى. بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە قەمەرنىسانى ئويلىمىغان بىرەر دەقىقەم يوق. بۇ يەتتە كۈن ماڭا يەتتە ئەسىردەك ئۇزۇن تۇيۇلدى. يەتتە كۈن ئىچىدە يەتتە دوزاختا ئۆرتىنىپ، قىلدەك تولغىنىپ چىقتىم.

ئاتا - ئانام ئۇزاقتىن بېرى مېنى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرەتتى. ئەمما مەن بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، تاپقان «لايىق» لارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلغانىدىم. تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن ئاتا - ئانامغا توي قىلماقچى بولغانلىقىمنى ئۇچۇق ئېيتتىم. ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. ئەمما كېلىنىنىڭ تاغلىق دېھقان قىزى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. يېزىمىزدا ھۆسن-جامالدا ئۇن بەش كۈنلۈك ئايدەك، قولى گۈل، ئىرناقتا توختايدىغان قىزلارنىڭ تولا ئىكەنلىكىنى، شۇلار ئىچىدىن قايسىسىنى خالىسام، ھازىرلا بېرىشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، قەمەرنىسانى ئېلىپ بېرىشكە ئۇنىمىدى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم. ئەگەر ئاتا - ئانام قەمەرنىسا بىلەن توي قىلىشىمغا قوشۇلمىسا، ئىككىنچىلەپ بىرەرسى بىلەن توي قىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئالەمدىن بويتاق ئۆتۈپ كېتىشكە رازى ئىكەنلىكىمنىمۇ چالا قويمۇدۇم. ئاخىرى يېقىن - يورۇقلۇرۇم ۋە مەھەللە چوڭلىرىنىڭ ھە - ھۇ دېيىشى بىلەن ئۆيدىكىلەرمۇ ماقۇل كەلمەي تۇرالمىدى.

ئانام ئاۋۋال ئايىمنىسا خانىم بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئىشنى تاغدىكىلەرنىڭ سەمىگە سالىدىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاچىمغا - قەمەرنىسانىڭ ئۆيىگە «چاي» كۆتۈرۈپ چىقىدىغان بولدى.

كۆز ئالدىمدا شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان غايەت ئېگىز ئىككى تاغ، ئوتتۇرىسىدىكى كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇقتا تولغىنىپ ئاققان ئاچىما دەرياسى، دەريا بويىدا قولىدا چېلەك كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرغان قىز... قۇلىقىمدا ھېلىقى ناخشا «زىبىدىخان» كېچە - كۈندۈز نېرى كەتمەيدۇ. دائىم شۇ مۇھىت ئىچىدە ياشاپ، ھېلىقى ناخشىنى قەلب ئاسمىنىمدا جاراڭلىتىپ يۈرىمەن. بىراق بۇ ناخشا قەلبىمدىكى مۇھەببەت تەشنالىقىنى پەللىمۇ - پەللە ئۇلغايتىپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچىدۇ.

كېچىنچە ئويلىنىپ، بىر ئامالىلار قىلىپ تاغقا چىقماقچى، قەمەرنىساغا ئاتا - ئانامنىڭ ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىمغا قوشۇلغانلىقىنى ئېيتماقچى، ھەممىدىن مۇھىمى، قەمەرنىسا بىلەن كۆرۈشۈپ، يۈرىكىمنى ئىچىشتۇرىۋاتقان تەشنالىق ئوتىنى باسماقچى بولدۇم. دۇكاندىن ئىلغاپ يۈرۈپ، قەمەرنىساغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن، يۈرەك شەكلىدە نەقىشلەپ ئىشلەنگەن بىر بولاپكا سېتىۋالدىم. سىرتىملىق لاتا سومكىغا سايدا يېيىش ئۈچۈن بىر ئاز يېمەكلىك ئالدىم - دە، شەۋكەت بىلەن ئىككىمىز بىر موتوغا مىنىپ يولغا چۈشتۇق.

ئەنە، پەستىكى تونۇش يېشىللىق، ئوتتۇرىسىدىن كۆمۈش بەلباغدەك تولغىنىپ ئېقىپ تۇرغان ئاچىما دەرياسى، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە رەتسىز كۆرۈلگەن سۇپۇرگىدەك دەرەخلەر، شاھمات تاختىسى چوڭلۇقىدىكى ئۆيلەر... شى-

مالدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان غا-
يەت ئېگىز ئىككى تاغ. ئۇنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدىكى جىلغىنى بويلاپ دەريانىڭ
ئىككى تەرىپىگە كېچىك ئاتلاپ يۈرۈ-
ۋاتقىلى خېلى بولدى. ھەر قېتىم دەر-
يادىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە تېيىز
يەرنى ئىزدەپ خېلى ئاۋارە بولاتتۇق.
مەن پۈشقاقلىرىمنى تۈرۈپ موتونى يې-
تىلىسەم، شەۋكەت كەينىدىن ئىتتىرەت-
تى. ئۇلۇغبەلگە يېتىپ كەلگەندە كۈن
پېشىن بولۇپ قالغانىدى. موتونى قە-
مەرنىسانىڭ ئۆيىگە ئانچە يىراق
بولمىغان يەردىكى بىر ئۆيدە ئامانەت-
كە قويدۇق. ئاندىن قەمەرنىسانىڭ ئۆ-
يى ئەتراپىنى يىراقتىن ئايلىنىپ، ھې-
لىقى بېدىلىككە كەلدۇق. پەرىزىمدە قە-
مەرنىسا، چارۋىلارنىڭ كەچلىكى ئۈچۈن
بۇ يەرگە بېدە ئورغىلى كېلەتتى. كۈت-
تۇق، كۈتتۇق، يەنە كۈتتۇق. بارغانچە
تەقەتسىزلىنىشكە باشلىدىم. كۆزلىرىم
قەمەرنىسانىڭ ئۆيىدىن بېدىلىككە كې-
لىدىغان چىغىر يولغا، چىغىر يولدىن
يەنە قەمەرنىسانىڭ ئۆيىگە يۆتكىلەتتى.
كەچ كىردى، قەمەرنىسا چىقمىدى. شەۋ-
كەت سۆگەتلىككە قايتىپ كىرىپ كې-
تىشنى ئېيتتى، لېكىن مەن، تاغقا چى-
قىپ، قەمەرنىسا بىلەن كۆرۈشمەي ھەر-
گىز قايتىپ كېتەلمەيتتىم، مو-
تونى ئامانەت قويغان ئۆيگە كەلدۇق.
ئۆي ئىگىسى بوۋاي بىزنى قونۇپ قې-
لىشقا، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىشقا
دەۋەت قىلدى. بىزنىڭ كۈتكىنىمىز،
ئېنىقراقى مېنىڭ كۈتكىنىممۇ دەل مۇشۇ
ئىدى. بىز ھويلىدىكى باراڭلىق ئاس-
تىغا سېلىنغان ئورۇندا يېتىپ قالدۇق،
تازا ھاردۇق يەتكەنىدى. شەۋكەت بىر-
دەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى. مېنىڭ كۆزۈم

ئىلىنمىدىغاندەك قىلمايتتى، سىرتقا چىق-
تىم. ئاچما دەرياسى ئاۋۋالقىدەك شار-
قىراپ، شاۋقۇن سالاتتى. ھاۋا ساپ ۋە
سالقىن ئىدى. تاغنىڭ سوغۇق شامىلى
دىمىمەنى قورۇيتتى. ئاستا مېڭىپ، ئۆي-
نىڭ يان تەرىپىدىكى ئىچ-تېشىنى ئۆس-
كىلەك قىياق قاپلىغان ئېرىق بويىغا
كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا ئورىدىم. قو-
لۇم كۆيگەندىلا تاماكىنىڭ كۆيۈپ تۈ-
گىگىنىنى بىلىندى، تاشلىغان تاماكا قال-
دۇقى قويۇق ئۆسكەن يۇمران قىياقلار
ئۈستىگە چۈشتى. يەردىن تاماكا ئىسىغا
قوشۇلۇپ، كۆيگەن ئوت - چۆپنىڭ پۇ-
رىقى كۆتۈرۈلدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ،
قەمەرنىسانىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ
ماڭدىم. بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى،
بىز ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، پۇتىمىزنى
سۇغا چىلاپ تاماكا چېكىشكەن يوغان
قورام تاش، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا پۇ-
شۇلداپ ياتقان قارا ئۆككۈزدەك سۈرلۈك
كۆرۈنەتتى. قەمەرنىسانىڭ دەرۋازىسى
ئالدىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، باغنىڭ
كەينى تەرىپىدىن شۇ چاغدا ئۇنىڭ
بىلەن كۆرۈشكەن ھېلىقى باغ ئىشىكىگە
كەلدىم. خىيالىمدا ئۇ مېنىڭ ئاچىمغا
چىققانلىقىمنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ياكى
ھېچ بولمىغاندا كۆڭلى تۇيغان بولسا،
ھازىرلا قېشىمغا كېلىپ قالىدىغاندەك
ئىدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە. شۇ تاپتا سەز-
گۈلىرىم ئويغاق ئىدى. ياپراقلارنىڭ
شىرىقلىغان ئاۋازىمۇ، ئايۋان تەرەپ-
تىن بىرسى ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ كې-
لىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ۋاقىتنىڭ
ئۆتۈشىنى ئۆزۈمگە سەزدۈرمەسلىككە
تىرىشىپ، كۆڭلۈمدە شېئىرىي مىسرالار-
نى تىزىشقا تۇتۇندۇم. دائىمقى كاج
ئىلھامىم بۈگۈن بۆلەكچىلا روھلىنىپ،

مىسرالىرىم ئۈزۈلمەي تىزىلماقتا ئىدى.

ئايسىز كېچە سالقىن ھاۋادا،
سەيلىتىمەن تەنھا دالادا.
سەيلىتىمەن دېدىم، بۇيالغان!
كۆيۈكدىمەن، كۈن- تۈن تامادا.

چىقىپ قالار سىرتقىمۇ دەيمەن،
ئىشىكىڭىدىن كۆزۈم ئۈزمەيمەن.
قاراپ- قاراپ تاقەت خورايدۇ،
كۆڭلۈم ئازناپ، ۋەسلىڭ تىلەيمەن.

كۆز ئالدىمغا سېنى كەلتۈرۈپ،
«چىققىن!» دەيمەن، غەمكىن ئاھ ئۇرۇپ.
شۇ چاغ يۈرەك باغرىڭ قۇچقاندەك،
ئويناپ كېتەر بىردىن روھلىنىپ.

ھازىرنىڭ ئۆزىدە قەمەرنىساغا، مېنىڭ ئۇنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئۇزاق يولنى بېسىپ تاغقا چىققانلىقىمنى، ئۇنىڭ ۋىسال تەشنالىقىدا بىتاقەت بولۇپ، باغ ئىشىكىدە دۈگدىيىپ ئولتۇرغانلىقىمنى بىلدۈرىدىغان بىرەر ئالاھىدە سىگنال قۇرۇلمىسى بولسا، قانداق بەلەن ئىش بولار ئىدى- ھە! بىردىنلا قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدا ئۇچراتقان بىر ئالىمنىڭ، ئادەم مېڭىسىنىڭ سىگنال تارقىتىش ۋە سىگنال قوبۇل قىلىش فۇنكسىيىسى ھەققىدە ئېلىپ بارغان قىزىق تەجرىبىسى ئېسىمدىن كەچتى. تەجرىبىدە ئۆزى موسكۋادا تۇرۇۋاتقان، مېڭىسىنىڭ سىگنال تارقىتىش كۈچى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بولغان بىر كىشى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە لېنىنگرادتا تۇرۇۋاتقان، مېڭىسىنىڭ سىگنال قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئوبرازىنىڭ سول بېقىنىنى نىشانلاپ، كەينى- كەينىدىن ئۈچ مۇشت ئاتقان. دەل شۇ ۋاقىتتا، لېنىنگرادتىكى ئادەمنىڭ سول بېقىنى ئۈچ قېتىم قاتتىق ئاغرىغان. بۇ ئەھۋالنى خاتىرىلىۋېلىپ، تەجرىبىنى يەنە قايتا ئىشلىگەندە يەنە شۇنداق ئەھۋال تەكرارلانغان. مەن بۇ ئالىمنىڭ تەجرىبىسىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدۇم. قەمەرنىسانى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدىم. «مەن سىزنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ ئاچىمغا چىقتىم. باغ ئىشىكىڭىزدە ساقلاۋاتىمەن. تېز چىقىڭ! چىقىڭ!» ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، تەلمۈرۈپ باقتىم، يېلىندىم. بۇ ئىش نەچچە ئون قېتىملاپ تەكرارلاندى. ئۇ چىقمىدى. مەنمۇ كۆز ئالدىمدىكى سىمانىڭ سول بېقىنىنى نىشانلاپ تۇرۇپ، ئۈچ مۇشت ئۇردۇم. يەنە چىقمىدى.

ئاخىرى بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەم ياخشى بولمايدىغانلىقىنى، ناۋادا قۇربان ئاكا ياكى ئۇنىڭ ئايالى ھاجەتكە چىقىپ، مېنى كۆرۈپ قالسا ياكى «ئوغرى» دەپ ئويلاپ، كەينىمدىن قوغلىسا، ئىشىنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرىسىگە يېنىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى ئويلىدىم. دەريادىن ئۇ قاتقا ئۆتتۈم- دە، قەمەرنىسانىڭ ھويلا ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى باراقسان سۆگەتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئاچىماقا ئورۇنلىشىۋالدىم. خوراز بىرىنچى قېتىم چىللىدى، ئىككىنچى قېتىممۇ چىللىدى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانىدى. سۆگەتنىڭ ئاستىدا ئاچما دەرياسى شاۋقۇن سالاتتى. كۆزۈمگە ئازراق ئۇيقۇ ياماشقاندەك قى-

لىۋىدى، سۆگەت ئۇستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، كەمىرىنى يېشىپ، بېلىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاچىماققا باغلىدىم. كۆزۈمنى ئاشۇ ئەگۈندىن ئۈزمەي ئولتۇرۇپ، بايىقى مىسرالىرىمنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە تۇتۇندۇم.

سەن چىقمايسەن، شۇندىمۇ بىراق -
سەن كۈناھتىن شۇندىمۇ يىراق.
بىخەۋەرسەن پەرىشتەم، چۈنكى،
مەن ئىشقىڭدا چەكسەممۇ پىراق.

تاڭ يورۇشقا باشلىدى. بىر چاغدا ئەگۈن ئېچىلىپ، بېشىغا كۆرۈمسىز كېچىلىك تەلپەك كىيگەن قۇربان ئاخۇنكام چىقىپ كەلدى. ئۇ پەسكە چۈشۈپ، تاغ سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ، كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئايالى چىقتى. ئەمما ئايالىمۇ كىرىپ كەتكىلى خېلى پۇرسەت بولۇپ قالدى. قەمەرنىسا چىقماي قويدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۈچلا ئادەم بارلىقى ماڭا ئايان. ئەمدى قەمەرنىسا چىقسا بولاتتى. ئۇ ئۆيدە يوقمىدۇ - يا؟ نەگە كەتكەندۇ؟ ياكى ئاغرىپ قالدىمۇ؟ شۇنداق خىياللار ئىچىدە خامۇشلىنىپ تۇرغىنىمدا، بىرسى «قارا!» دېگەندەك بولدى. ئۆيدىن قەمەرنىسا چىقىپ كېلىۋاتاتتى. توغرا، قەمەرنىسا، قەمەرنىسا بولماي كىم بولاتتى؟ مەن ئالدىراپ سۆگەتتىن چۈشتۈم - دە، دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىن پەسكە چۈشۈۋاتقان قەمەرنىسانى چەنلەپ تۇرۇپ، ياڭاقتەك بىر تاشنى ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا ئاتتىم. تاش چۈشكەن يەردىن ئوخچۇپ چىققان تاغ سۈيىنىڭ، سەھەردىكى سوغۇق تامچىلىرى ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى بولغاي، قاتتىق چۆچۈپ، ئەتراپقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى ماڭا چۈشكەندە، قول كۆتۈرۈپ ئۇنى بۇ قاتقا ئۆتۈشكە ئىشارە قىلدىم. ئۇ ماڭا قارىغىنىچە ھاڭ - تاڭ بولۇپ، بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۆيى تەرەپكە قاراپ قويۇپ، پۇشقاقلىرىنى تۈردى. بىز غەربتەرەپتىكى تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان يېقىنلا يەردىكى قويۇق تەبىئىي ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. پاكار ئەمما قېلىن، شاخلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن تاغ تېرەكلىرى ئەتراپنى ئوراپ تۇراتتى. ئورماندىكى تاغ قوشقاچلىرى ئاياغ تىۋىشىمىزدىن ئۈركۈپ قېچىشقا باشلىدى. بىز ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى، سۇ توختىمايدىغان بوزاڭ تۇپىلىق بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇردۇق. مەن قەمەرنىسانىڭ قېشىغىراق سۈرۈلدۈم.

— كۆرۈشكىلىمۇ بولىدىكەن- ھە،- دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— سىزنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى.-قەمەرنىسا يەرگە قارىۋالدى. ئۇ بېشىغا سالغان كاز ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن، كۆزلىرىنى يېنىك ئېرتىپ ئېسەداۋاتاتتى. بۇنىڭدىن بىلدىمكى، قەمەرنىسامۇ ماڭا ئوخشاشلا مۇھەببەت تەشنالىقىدا كۈنلىرىنى ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ مېنى سۆيىدىكەن. مەن بۇلاپكىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدۇم. ھەمدە ئاتا - ئانىمىنىڭ بىزنىڭ توي ئىشىمىزغا قوشۇلغانلىقى ۋە پات ئارىدا چاي كۆتۈرۈپ چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتىم. ئۇمۇ ماڭا مۇنداق بىر خۇشخەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ، سۆگەتلىكتىكى ئاچىسى ئايىمىنىساخانىم كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھالىدىن خەۋەر ئاپقاچ، بالىلىرىنى با-

قىدىغان بوپتۇ. بىزنىڭ شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ۋاقىت سۆزلەشكىنىمىزنى بىلمەيمەن. بىردىنلا قەمەرنىسا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئانىسى چاقىرىۋاتاتتى. كۈتۈلمىگەندە ئۇ ئۆزىنى قۇچىقىمغا تاشلىدى - دە، مېنى باغرىغا چىڭ باستى، ئاھ گۈزەل دۇنيا! ئاھ شېرىن ھايات! ئۇ يەنە كۈتۈلمىگەن بىر ئەسنادا، شۇنداق چاققانلىق بىلەن قۇچىقىمدىن يۇلقۇنۇپ چىقتىكى، ئۇنىڭ مەندىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدىم. ئۇ كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن يۈگۈرگەن پېتى ماڭا ئاڭلانغۇدەك قىلىپ دېدى:

— خۇدايىمغا ئامانەت!

— خۇدايىمغا ئامانەت! - دېدىم مەنمۇ، ئۇنىڭ مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان سىماسىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي.

شەۋكەت ناشتا قىلىپ بولۇپ، مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ، ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— شېئىر پۈتتىمۇ؟

— پۈتتى.

كېيىن ئۇقسام، ئۆي ئىگىسى بوۋاي ناشتا ۋاقتىدا، شەۋكەتتىن مېنى سورىغانىكەن، «تاغ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ شېئىر يازىمەن دەپ قاق سەھەردە چىقىپ كەتكەن» دەپ قويۇپتۇ.

× ×

شەۋكەت بىلەن ئاچىمدىن قايتىپ كېلىپ تۆت كۈن بولغاندا، قەمەرنىسا بىلەن سۆگەتلىكتە كۆرۈشتۇم. بېشىغا مايسىرەڭ ياغلىق ئارتقان، ئۇچىسىغا كىيگەن قارا كۆككاستۇمى بىلەن بىر يۇرۇش قىلىپ تىكتۈرۈلگەن بوغما يوپكىسى، ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيى ئۇنى تۆت كۈن ئىچىدىلا بوي تارتىپ قالغاندەك، تولغانقەددى-قامەتكە ۋە ئادەم ئەيمەنگۈدەك سۈلكەتكە ئىگە قىلغانىدى. ئايىمىنىسا خانىم يېزىلىق دوختۇرخانىدا — بالنېستقا ئېلىنغانلىقتىن، قەمەرنىسا ئۇنىڭ قېشىغا تاماق كۆتۈرۈپ ماڭغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرالايدىغان بولدۇق. ئايىمىنىسا خانىم بازار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر ياتىقىدا ئولتۇراتتى. مېنىڭ بازار باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ، قەمەرنىسا بىلەن كۆرۈشۈشىمگە يەنە بىر قولايلىق يارىتىلدى. ئۇ بولسىمۇ — مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇپ، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۆز ئارا تۇرمۇش قۇرغان تۇرغۇن، گۈلشەن دېگەن ئىككى ساۋاقدىشىم، يېقىندا تارماق مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كېلىپ، ئايىمىنىسا خانىم بىلەن تام ئېلىشما قوشنا بولۇپ ئولتۇردى. مەن ئەمدى بازار باشلانغۇچ مەكتەپكە بىمالال كېلىپ - كېتىپ تۇرالايتتىم. لېكىن، ھەر قېتىم قەمەرنىسانى يوقلاپ كەلگىنىمدە، ئاۋۋال تۇرغۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، قوشنىسى مۇراتنىڭ ئۆيىدە بار - يوقلۇقىنى ئۇقۇشقا توغرا كېلەتتى. ئايىمىنىسا خانىمنىڭ يولدىشى مۇرات، بازار مەكتەپنىڭ يۈك ماشىنىسىنى يىللىق ھۆددە ئالغانىدى. بىر پۇتى ئۆينىڭ ئىچىگە كىرسە، يەنە بىر پۇتى ھامان سىرتىدا تۇراتتى. شۇڭا مەن قەمەرنىسانى ئىزدەپ بارغان چاغلىرىمدا مۇرات، كۆپىنچە ئۆيدە يوق بولۇپ چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن قەمەرنىسا ئىككىمىزگە بىر دەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا پۇرسەت چىقاتتى.

ئايىمنىسا خانىمنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىشى بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ تاغقا — ئايىمنىسانىڭ ئۆيىگە چىقىشىمۇ سوزۇلۇپ كېتىپ باراتتى. ئەپلىك بىر ۋاقىتنى پايلاپ تۇرۇپ، بۇ ئەھۋالنى مۇرات ئاكىغا ئېيتتىم. كۆپ ئۆتمەي مۇرات ئاتا - ئانام بىلەن بىرگە ئەلچى بولۇپ، تاغقا چىقتى. بۇ ئىشنى چىرايلىق پۈتتۈرۈپ، قۇربان ئاكىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كىردى. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ بارماقتا. قەمەرنىساغا «چاي» ئىچۈرۈلۈپ بولدى دېگەن گەپ، قەمەرنىسا مېنىڭ بولدى دېگەن گەپ. قۇربان ئاخۇنكاملارنىڭ دېگىنى بويىچە، ئايىمنىسا خانىمنىڭ كېسىلى ياخشىلانسا، بىزنىڭ تويىمىزنى قىلىپ بەرمەكچى. ئىشقىلىپ كۆڭلۈم بىر ئاز ئارام تاپقان بولسىمۇ، لېكىن قەمەرنىسانى كۆرمىسەم، كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. بىر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن باردىم. ھويلا ئىشىكى ئىچىدىن ئېتىلىك ئىدى. ئۈچ قېتىم چەكتىم، يەنە چەكتىم. ئۆي ئىچىدىن قەدەم تاۋۇشى ئاڭلانغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن بىر كىم چىقمىدى. ئاخىر كۆڭۈل غەشلىكىدە قايتىپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن قەمەرنىسانىڭ كېيىنكى بىر قانچە قېتىملىق ئۇچرىشىشتىكى كەيپىياتى كۆڭلۈمدە گۇمان قوزغىدى. ئۇ، نېمىگىدۇر ئوڭايسىزلىناتتى. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسا، يەرگە قارىۋالاتتى. قىزىرىپ، مەڭزلىرى ئېسىلىپ كېتەتتى، ھەرىكەتلىرىمۇ بىر قىسما سېزىلەتتى. مەن بۇنى كۆپىنچە ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىغا جوراپ، ئۆز - ئۆزۈمنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. دېمەسىمۇ ئۇ، تاغدا تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن قىز؛ ئوغۇللار بىلەن ئۇچراشقاندا ئوڭايسىزلىنىپ، قىزىرىپ كېتىشى ۋە بەزىدە خۇددى يوقىتىپ قويۇشى ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتكۈدەكمۇ ئىش ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، دوختۇرخانىغا ئايىمنىسا خانىمنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە باردىم. ياتاقداشلىرى، ئۇنىڭ ھازىرلا ئاسما ئوكۇلى چۈشۈپ بولغانلىقىنى، كەچلىك ئوكۇلغا ئۇلگۈرۈپ قايتىپ كېلىمەن دەپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بازار مەكتەپكە كەلدىم. ئۆي ئىچىگە كىرىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئايىمنىسا خانىم سۈپىنىڭ بىر تەرىپىگە يىغىپ قويۇلغان ئورۇن- كۆرپىگە بېشىنى تىرەپ، ئۆزىنى تاشلىغىنىچە كەپتەردەك بوقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. قەمەرنىسا سۈپىغا يانداپ قويۇلغان تومپۇچكا ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ، ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغانىدى. بالىلار كۆرۈنمەيتتى. مۇراتمۇ يوق ئىدى. بۇ بۇرۇختۇملۇقتىن گاڭگىراپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. يېنىپ چىقىپ كېتىشكە تېخى بولمايتتى. ئايىمنىسا خانىم بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى سېلىنىپ، كۆز گۆھىرىگە قان تەپكەنىدى. ئۇ قول ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، مېنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. ئاۋازى خىرىلداپ چىقاتتى. مەن مېۋە كونسېرۋاسى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۇنىڭ يېنىغا قويدۇم.

— قوپە ئورنۇڭدىن، داستىخان ئەپكەل! — ئايىمنىساخانىم قەمەرنىساغا قوپال بۇيرۇق قىلدى. ئارىدىكى بۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن قىسىلىپ، داستىخان

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇرمايلا، دەرسىمنى بارلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتىم. ئارىدىن يەنە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئايىمنىسا خانىمنىڭ كېسەللى بارغانچە ئېغىرلىشىپ، ئۇنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىدى. ئەمدى مۇرات ماشىنىنى قويۇپ، ئايىمنىساخانىمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. قەمەرنىسا يەنىلا سۆگەتلىكتە، ئاچىسىنىڭ بالىلىرىغا قارايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن بارغانسېرى كۆڭلۈم يېرىم بولماقتا ئىدى. ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. مېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرسە، يول ياقىسىدىكى ئاشخانا ياكى ماگىزىنغا كىرىۋالاتتى. كەينىگە بۇرۇلۇپ يېنىپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى. قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدىم. بۇ ئىشلار مېنى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سوغۇق تىلسىماتنىڭ ئىچىگە تاشلاپ، ئازابلايتتى.

سىنىپتا دەرس ئۆتكەن ۋاقىتلىرىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن ۋاقتىمنىڭ ھەممىسى ئېغىر خۇرسىنىش ۋە ئاچچىق ھەسرەت چېكىش بىلەن ئۆتەتتى. بالىلارنى ئائىلىسىگە قويۇۋەتكەندىن كېيىنلا ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئاياغ-ئۇچى يوق خىياللار بىلەن بەنت بولاتتىم. شۇنداق قىلىپ، كۈننىڭ نەدىن چىقىپ، نەدە كەچ بولۇشىنىمۇ تۇيمايلا قالاتتىم. قەمەرنىسانى كۆرگۈم، ئولتۇرۇپ مۇڭداشقۇم كېلەتتى. بىراق ھازىر ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ بېرىشىمنى خالىمايتتى. تۇرۇپ سۆيگۈ تەپتىم غۇرۇرۇمنى بېسىپ چۈشەتتى-دە، بېرىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ ھەر قانداق ئىش بولسىمۇ ئۇنىڭغا باش ئېگىپ، يارىشىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭدىن قايسى ئىش توغرىسىدا كەچۈرۈم سوراشنى، قايسى سەۋەنلىكىمنى بويۇنۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا باش ئېگىشنى بىلەلمەي قىيىنىلاتتىم. ئويلاپ-ئويلاپ، ئاخىرى قەمەرنىسا بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئوچۇق سۆزلىشىش قارارىغا كەلدىم.

قەمەرنىسا ھويلىدا توخۇغا كېپەك پۈچىلىۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ، قولىدىكى قاچىنى يەرگە قويۇپ، ئۆرۈلۈپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ ماڭا ئېغىر كەلدى. بۇنى ھاقارەتتەك ھېس قىلىپ، ئىشىكتە تۇرۇپ قالدىم. لېكىن، ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ بۇ ئىشنىڭ تەگتىنى ئۇقماي بولمايتتى. ئۇ نېمىشقا مەندىن قاچىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇرۇنقى ماڭا بولغان قىزغىنلىقى نەگە كەتتى؟ بىزنىڭ باش قوشۇشىمىزنى ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىغۇ! مۇشۇنداق سوئاللار ئىلكىدە ئۆيگە ئۇسسۇپلا كىردىم. بالىلار سۇپىدا ئويناپ ئولتۇراتتى. قەمەرنىسا ئوقۇتقۇچىنىڭ تەنبىھ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان كەپسىز ئوقۇغۇچىدەك پۈتلىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ، سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە خاپا چىراي ئولتۇراتتى. مېنى كۆرۈپ، ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلەپ، يەرگە قارىۋالدى.

— قەمەرنىسا، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا مەندىن قاچىسىز؟

— .........

— سىزنى رەنجىتىپ قويدۇممۇ-يا؟

قەمەرنىسا «پاڭڭىدە» يىغلىۋەتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا ئىچىم سىيرىلىپ، قېشىدا ئولتۇردۇم-دە، ئۇنى ئۆزۈمگە تارتىپ،

باغرىمغا باسماقچى، مۆگدىشىپ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدۇم. بىراق، قەمەرنىسا مەن يېنىغا ئولتۇرغىچە ئەسلىدىكى ئورنىدىن سۇرۇلۇپ، نېرىراق بېرىپ ئولتۇردى.

— قەمەرلىسا، مېنى قىينىماڭ! سىزگە زادى نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە ... ھېچنىمە بولمىدى.

— ئەمىسە، نېمىشقا مەندىن قاچىسىز؟ باشقا بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ- يا؟ - ئۇنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدىدى. ئۇنىڭدىن گەپ ئالىمەن دەپ، بىرەر سائەتتىن ئارتۇقراق ئاۋارە بولدۇم. قەمەرنىسانىڭ سوئاللىرىمنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، يىغلىغىنى يىغلىغانىدى. بېشىم گاراڭ، روھىم چۈشكەن ھالدا ئۆيدىن چىقتىم. مەن قەمەرنىسانى سۆيەتتىم، ئۇنىڭسىز بۇ جاھاندا نېمىنى ئارزۇلاپ ياشايمەن؟ ئۇ نېمىشقا بۇنداق ئۆزگىرىپ قالدى؟ بىرەرسى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرغانمىدۇ - يا؟ ئۇنداق بولسا، ئۇ كىم؟ غەيرەت پاكامۇ، ياكى خوتۇن كىشىدەك پەردازخور «نەبى گۈزەل» مۇ؟ياق، مەن قەمەرنىسانىڭ ئۇنداقلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن مەندىن ۋاز كېچىشىگە ئىشەنمەيمەن. مانا مۇشۇنداق سان-ساناقسىز سوئاللار ئالدىمدە ئېزىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايىمنىسا خانىمنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ئېلىپ كېلىندى. ئەمدى ئاتا - ئانام ئايىمنىسا خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، توينىڭ ۋاقتىنى بىر نېمە دېيىشسە بولاتتى. بىراق، ھېلىقى جاۋابسىز قالغان سوئاللار ھامان كاللامدىن نېرى كەتمەي يۈرىكىمنى قىساتتى.

× ×

ئەمدىلا دەرستىن چۈشۈپ، ئىشخانىدا دەرس تەييارلىماقچى بولۇپتۇرغىنىمدا، ھېلىقى شۇم خەۋەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئۇزۇنىسىغا سەپ تۈزگەن ئەرلەر قاتارىدا تۇرسامۇ، كىم بىلەن قول ئېلىشقىنىم، كىم بىلەن كۆرۈشۈۋاتقىنىم، سەزگۈمدىن تامامەن چەتتە ئىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، مەكتەپ مەيدانىدا ئايىمنىسا خانىمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. نامازخانلارنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي، پەرزىنىدە ياش تۆكمىگەن ھېچكىم قالمىغانىدى. جىنازىنى ئايلىنىپ ھازا ئېچىۋاتقان چوڭلار قاتارىدا بەللىرىگە ئاق باغلاپ بويۇنلىرىنى قىسقان ھالدا يىغلاپ كېتىۋاتقان چۆچۈرىدەك يېتىم بالىلارنى كۆرگەندە كىممۇ يىغلىماي تۇرالىسۇن؟

ئادەملەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان جىنازا، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كۈنچىقىشقا بۇرۇلدى. ئاندىن بازار رەستىسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، سايدىكى قەبرىستانلىق تەرەپكە بۇرۇلدى.

مانا، ئايىمنىسا خانىمنىڭ قىرىق نەزىرىسىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مۇسىبەت تۈپەيلىدىن، توي توغرىلىق چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەي تۇرغان بىر چاغدا، «مۇرات، ئايىمنىسا خانىمنىڭ سىڭلىسىنى ئالىدىغان بوپتىمىش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم - دە، دەرھال تۇرغۇنىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. تۇرغۇن ئائىلە سۆھبىتىگە كەتكەنىكەن. گۈلشەن مېنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇ قەمەرنىسا بىلەنكى ئىشلىرىمىزدىن خە-

ۋەردار ئىدى. بىز ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل
قويۇلغان ئىككى كارىۋاتتا بىر - بى-
رىمىزگە يۈزمۇ - يۈز قارىشىپ ئولتۇ-
راتتۇق. ئۇ مېنىڭ كېلىشتىكى مۇددى-
ئايىمنى ئۇقۇپ، چىرايى بىردىنلا جىدد-
دىي تۈس ئالدى. ئۇ ئالدىمغا چاي قو-
يۇۋېتىپ دېدى.

— بۇ ئىشنى ھامان تەگلەپ كېلى-
شىڭىزنى بىلەتتۇق. سورىمىغان بولسى-
ڭىز ئوبدان بولاتتى. ئەمدى بۇ ئىش-
نىڭ تەكتىنى بىلمەي قويمايدىغانلى-
قىڭىزنىمۇ، بىلگەندىن كېيىن، سورىغى-
نىڭىزغا پۇشايمان قىلىدىغانلىقىڭىز-
نىمۇ بىلىپ تۇرىۋاتىمەن. — گۈلشەن
ئىشىك تەرەپكە بىر قارىۋەتكەندىن
كېيىن يەنە بۇ يىرۇق تەلەپپۇزدا ئېيتتى، -
بۈگۈن بۇ ئۆيدە بولۇنغان گەپ-
لەرنى ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ،
ھەرگىز تىلغا ئالماسلىقىڭىزغا قەسەم قى-
لىڭ ئەمىسە!

مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭۈل تۇپ-
رىقىمغا مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىدىغانلى-
قىم ھەققىدە ۋەدە بەردىم. گۈلشەن ئۆ-
زىنى بېسىۋېلىپ، ئالدىرىماي سۆزلەش-
كە باشلىدى:

— شۇ كۈنى مەن دەرستىن چۈشۈپ، تا-
ماققا تۇتۇنغانىدىم. تۇرغۇن دەرس
تەييارلىغىلى ئىشخانىغا كەتكەن، ئۆي-
گە مۇرادىل يۈگرەپ كىرىپ، «ئانام،
ئاچىقىپ بەر دەپتى» دەپ، كونۋېرت ئى-
چىگە سېلىنغان خەتنى قالدۇرۇپ چى-
قىپ كەتتى. شۇنداق قارىسام كونۋېرت
ئۈستىدە نە خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ، نە
تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئادرېسى يوق
ئىدى. مەن ھەم قىزىقتىم ھەم ھەيران
قالدىم. قازاندا ياغ قىزىپ قېلىۋاتات-
تى. تاماقتىن كېيىن ئوقۇش نىيىتىدە
شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم. ئا-
رىدىن ئون - ئون بەش مىنۇت ئۆتكەن
بولسا كېرەك، قەمەرنىسانىڭ قىقاس
سېلىپ توۋلىغان ئۈنى ئاڭلاندى. مې-
نىڭ ئۆيدىن چىقىشىمغا، ۋاسكېتبول
مەيدانىدىن تۇرغۇن، دۆلەت، يۈسۈپمۇ-
ئەللىملەرمۇ تەڭلا يۈگرەپ كەلدى. ئۆي-
گە كىرگەندە، توك چەينەك سىمىنىڭ
ئۇچۇق يېرى ئايىمنىساخانىمنىڭ بىلى-
كىگە چاپلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۆزى-
نىڭ ئۆكسۈلى قارايغان ھالەتتە
ھوشسىز ياتقىنىنى كۆردۇق. دوختۇر-
خانىغا ئېلىپ بارغاندا ئۇنىڭ ئاللى-
قاچان نەپەستىن توختىغانلىقىنى بىل-
دۇق. مېيىتنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ
كېلىۋېتىپ، ئېسىمگە مۇرادىل ئېلىپ
كىرگەن ھېلىقى خەت كەلدى. ئۆيگە كې-
لىپلا، ئىشىكنى تاقاپ كونۋېرتنى ئاچ-
تىم. شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن ئىشىكنى
تاقىغانلىقىمنى ھازىرمۇ ئويلىيالماي-
مەن، ئېھتىمال، باشقىلارنىڭ دىققى-
تىنى چېچىۋېتىشتىن ئەنسىرىگەنى-
دىمەن ياكى بەك جىددىيلىشىپ كەت-
كەنلىكتىن شۇنداق قىلغانىدىمەن. قو-
لۇم تىترەيتتى، خەتنى ئوقۇدۇم. ئو-
قۇپ بولۇپ، بېشىمدىن بىر چېلەك سۇ
تۆككەندەك تەر بېسىپ كەتتىم. ئا-
يىمنىسا خانىم يېزا دوختۇرخانىسىدا
داۋالىنىۋاتقان كۈنلەردە كېسەلى دې-
گۈدەك ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئىككى -
ئۈچ كۈندە بىرەر قېتىم ئۆيگە كېلىپ -
كېتىپ تۇرالايتتى. خەتتە دېيىلىشىچە،

بىر كۈنى ئۇ ئۆيگە كەلسە، هويلا ئىـ
شىكى ئىچىدىن كىلىتلانغانىكەن. قە-
مەرنىسا ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ ئۇخ-
لاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، قو-
لىنى ئەگۈنىنىڭ شادىسىدىن تىقىپ،
كىلىتانىنى ئېچىپتۇ. ئۆيگە كىرسە، ئۇلار
بىر ئورۇندا ياتقۇدەك، قەمەرنىسا ھە-
دەپ ئۇستىدىكى ئادەمنى ئىتتىرىپ
يۇلقۇنىۋاتقۇدەك،-مەن قولاقلىرىمغا
ئىشىنەلمەي، بىتاقەت بولۇپ سورىدىم.
— كىم؟ ئۇستىدىكىسى، ئۇنى مەج-
بۇرلىغان كىم ئىكەن زادى؟
— مۇرات.
گەپنىڭ قولاققا مۇشتەك تېگىدىغان-
لىقىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇچرات-
قان، ئەمما ئۆزۈم بىۋاستە ھېس قى-
لىپ باقمىغانىكەنمەن. ئورنۇمدىن تۇ-
رۇپ كېتىپتىمەن. گۈلشەن مېنى ئۆ-
زۈمنى بېسىۋېلىشقا ئۈندەپ جايىمغا
ئولتۇرغۇزدى - دە، يەنە داۋاملاشتۇر-
دى.
— ئايىمنىسا خانىمنىڭكېسەللى ياخ-
شىلىنىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن
چىققاندىن كېيىن، قەمەرنىسانىڭ بۇ-
يىدا بارلىقىنى بايقاپتۇ، سۈرۈشتۈرگە-
نىكەن تۆت ئاي بوپتۇ. بىچارە خانىم
ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئاخىرى مۇشۇ-
يولنى تاللاپتۇ. ئۇ خەتنى يېزىپ تەي-
يارلاپ بولۇپ قەمەرنىسانى ئاتىكەم
بىلەن بىرگە بازارغا ئوتياش ئەكى-
لىشكە بۇيرۇپتۇ. ئېھتىمال ئىرادەشۇن-
داقتۇ. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە بىچا-
رە نېمىمۇ قىلالايدۇ دەيسىز؟ ئۇ ئۆ-
زۈندىن بېرى كېسەل ئازابىنى تارتىپ
كەلگەنىدى. ئەمدى بۇ دەردنى كۆتۈ-
رەلەيتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش
مۇراتنىڭ قاتتىق - يۇمشاق ۋاسىتىسى
بىلەن مەجبۇرى يۈز بەرگەن تۇرسا،
قەمەرنىسامۇ ئامال قىلالماي دەردنى
ئىچىدە بىلگەن گەپ. قىز بالىنىڭ قو-
لىدىن يەنە نېمە كېلىدۇ دەيسىز؟ —
گۈلشەنىنىڭ كۆز ياشلىرى توختىمايت-
تى. ئۇنىڭ چىرايى، كۆزلىرى، بۇرۇن-
لىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى
سەل ئوڭشىۋېلىپ يەنە سۆزلىدى.
«بۇ ئىشنى مۇراتتىنمۇ، قەمەرنىسا-
دىنمۇ كۆرمەيمەن، ھەممىنى ئۆزۈمنىڭ
مۇشۇنداق تارتقۇلۇقى بار يارىتىل-
غانلىقىمدىن، تەتۈر پېشانىلىكىمدىن
كۆرىمەن. ئەنسىرەيدىغىنىم، ئىككى با-
لامنىڭ كېيىنكى تەقدىرى. سىزدىن كۈ-
تىدىغىنىم— بىرىنچىدىن: بۇ خەتنى
ئوقۇپ بولۇپلا كۆيدۈرۈۋېتىڭ. سىرنى
مەڭگۈ سىرتقا چىقارماڭ. چۈنكى بۇ ئىش
مېنىڭ ئىككى نارسىدەمنى بەختسىز-
لىك گىردابىغا ئىتتىرىدۇ. ئىككىنچى-
دىن: قەمەرنىسانى ئوتتۇرا مەكتەپ-
تىكى مۇختار مۇئەللىمگە چاي ئىچكۈ-
زۈپ قويغان، سىز ئۇنى چىرايلىقچە
ياندۇرۇپ، ئاتا - ئانىمنى قايىل قى-
لىڭ، ئۇنى مۇراتقا ئۆيلەندۈرۈپ قو-
يۇڭ. باللىرىم كوچىدا قالمىسۇن. ئا-
خىرقى تەلەپلىرىمنى يەردە قويماسلى-
قىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىز كىرگەندە
بەلكى نەپەسىم توختىغان بولار، ئەل-
ۋىدا! ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەرمىز» دەپتۇ.
ئاخىرىدا يەنە ئالىقاچان مەرھۇمغا
ئايلانغان دوستىڭىز ئايىمنىساخان دەپ
يېزىپتۇ...

ئۆيدىن قانداق چىققىنىم، بۇ ئېسىمدە يوق. ئاسفالت ياتقۇزۇلغان تار يولدا كېتىپ بارىمەن. كۆز ئالدىمدا گاھ مۇرات، گاھ قەمەرنىسا، گاھ ئايىمنىسا خانىم نامايان بولىدۇ.

— ھەممىسى تۈگىدى، — دېدىم ئۆزەمگە ۋە يەنە تېزلا بۇ كېچىمدىن يېنىۋالدىم. قارىغاندا ئىش تېخى تەلتۆكۈس تۈگىمىگەندەك، ئۇنىڭ يەنە ئازراق داۋامى باردەك قىلاتتى. تۇرغان جايىمدا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. مۇھەببىتىمنى بەربات قىلغان، بى گۇناھ، ئاقكۆڭۈل ئايىمنىسا خانىمنى نابۇت قىلغان، قارا كۆڭۈل مەخلۇق مۇراتتىن قان — قىساس ئېلىش ئىستىكى ئەسەبلىرىمنى قوزغىۋەتتى. شۇ ھامان كۆڭلۈمدىن ئايىمنىسا خانىمنىڭ بالىلىرى مۇرادىل بىلەن ئاتىكەم يىغلامسىرىغان ھالىتىدە يالت قىلىپ ئۆتتى. مەرھۇمنىڭ خېتى، گۈلشەننىڭ بايىقى گەپلىرى قۇلىقىمدا باشقىدىن سادا بېرىشكە باشلىدى. ئىچىمدە «ھېساب كىتابىنى تەگرىگە تاپشۇردۇم، جاجاڭنى تەگرى بەرسۇن» دېدىمدە ئۇدۇل كېلىپ بوتكىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدىم. مەكتەپكە كېلىپ، ياتاق ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى ئەتتىم — دە، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم.

(بېشى 43 — بەتتە)

لىق خادىمى قىلىپ، ئايدا يىگىرمە يۈەن ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىپ قەرزىنى تۆلىتىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان» دېگەن سۆزدىن بىلگەن بولسا، ئىشىدىن ئىستىپا بېرىپ كېتىپ قېلىشتىكى سەۋەبىنى بىلەلمىدى.

بۈگۈن چۈشكە يېقىن گىجىك مەھەللىگە پەيدا بولدى، قىزىقارلىقى ئۇ ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە — يەنە كونا ھەم كىرلاش كىيىملىرىنى كىيىپ، ئالا بويناقنىڭ باشبېغىنى بېلىدىكى رېڭى ئۆچكەن پوتىسىغا باغلاپ كەلگەنىدى. مەھەللىدىكىلەر نېمىشقىدۇر ئالدىراش ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۇنى ئارىغا ئېلىپ ئەھۋال سورىشىپ كېتىشتى. گىجىك بولسا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا:

— قانداق مۇتەھەملەر، جاھان ئۆزگەردى. گىجىك ئاكاڭنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالدى، — دېگىنىچە كىچىك بالىلارنى تىللاپ قويۇپ، ئۆيگە قاراپ كېتىپ قالدى. مەھەللىدىكىلەر گىجىكنىڭ رۇستەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ رابىخانغا ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەن بېرىپ كېتىپ قالغانلىقىنى ھەمدە رۇستەمنىڭ بەش يۈز يۈەن جەرىمانە تۆلەپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ «ناھايىتى بەلەن بوپتۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاشتى. كېيىنكى كۈنلەردە گىجىك مەھەللىگە قايتا كەلمىدى. نەتىجىدە داشمانلىقلار ئۆز ئارا دېيىشىپ يۈرىدىغانغا يېڭى سۆز تاپالمىدىمۇ نېمە، يەنىلا گىجىكنىڭ كونا ئىشلىرىنى تەكرارلاپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بولدى. مۇبادا گىجىك كېيىنكى كۈنلەردە مەھەللىگە يەنە كېلىپ قالغۇدەك بولسا قىزىق ئىشلار يەنە يۈز بېرىپ، كەنتتىكىلەرگە قىلغىلى گەپ چىقىدۇ...

ئەيچەك

# شېئىر توغرىسىدا مۇلاھىزە

(١٠ قائىدە)

## باشلىنىش

1

چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بولسا ئىلغار ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۈچ تۈرلۈك ئىپادىسى. شېئىر مۇقەررەركى، ئۇلار ئۈستىدىكى ئەڭ ياخشى باغلىنىشتۇر.

2

چىنلىق بىزنىڭ دۇنياغا بولغان تونۇشىمىزدۇر. ئۇ بىزگە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ بەخش ئېتىدۇ.

ياخشىلىق — ئىجتىمائىي مەنپەئەتدارلىق. خەلق مەنپەئەتى ئۇنىڭ تەنقىد دىۋانىدۇر.

ئالاھىدە بەلگىلەنگەن كاتېگورىيىدىن ئايرىلمىغان كىشىلىك گۈزەللىك؛

گۈزەللىك ئىلغار ئىنسانىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان تۇرمۇشنىڭ سىرتقى شەكلىگە بېقىنىدۇ.

3

شېئىرىيەت ئىلاھىمىز ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ئۈچ چاقلىق ئاتھارۋىسىنى ھەيدەپ، تۇرمۇش دالاسىدا چاپماقتا.

ئۇ ئۈچ چاق ئوخشاش نۇر چاچماقتا. چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ تەنتەنىلىك، داغدۇغىلىق ساداسىنى ياڭراتماقتا.

## شېئىر

1

ئومۇمەن ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان بولسىلا ھەممىسى گۈزەلدۇر، ھەممىسى ياخشىلىقتۇر ھەمدە ھەممىسى شېئىردۇر.

2

پەلسەپە دۇنيانى ئابستراكت ئويلايدۇ؛ شېئىر دۇنيانى كونكرېت ئىپادىلەيدۇ، مەقسىتى — دۇنيانى ئۆزگەرتىشتۇر.

3

شېئىر — شائىرنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان تۇيغۇسىغا، ئىدىيە، ھېسسىيات

قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوبراز بولۇپ ئۇيۇشۇپ ئاخىرىدا ئىپادىلىنىپ چىققان بىر خىل «پۈتكەن» سەنئەتتۇر.

4

شېئىر — شائىر دۇنيا قارىشىنىڭ ئەڭ كونكرېتنى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئەمەلىيىتى، شائىرنىڭ پۈتكۈل بىلىمىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىشىدۇر.

5

بىر پارچە شېئىر كىشىنى ئۆزمەزمۇنى ئارقىلىق ھاياجانغا سېلىپلا قالماستىن بەلكى كىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ يىراقتىكى نەرسىلەرنى ئويلىتىدۇ.

6

بىر پارچە شېئىر چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى شۇنداق مۇۋاپىق ھالدا ئۆز ئارا يۇغۇرۇۋېتىشى، شۇنداق تەبىئىي ھالدا ماسلاشتۇرۇۋېتىشى زۆرۈركى، بۇ ئۈچى ئۆز ئارا توقۇنۇشماسلىقى شەرت. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، باشقا ئىككى تەرەپنىمۇ تاكى مۇكەممەللەشكىچە يۇقىرى كۆتۈرۈشى شەرت.

7

شېئىردىكى گۈزەللىكنى شائىرنىڭ ھېسسىياتى ئىپادىلەپ چىقارغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋىيەتكە ئۆتۈشىدىكى بىر خىل چېقىنىدۇر. بۇ چېقىن قاراڭغۇلۇقتا ئۇچۇپ يۈرگەن ئوت ئۇچقۇنىغا ئوخشايدۇ. يەنە ئىسكىنە بىلەن پالتا قىيا تاشلارغا ئۇرۇلغاندا چاچراپ چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشايدۇ.

8

شېئىر — ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە ئەۋەتكەن ئۇچۇرىدۇر؛ شېئىر — ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز غايىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلىش شىجائىتى بەخش ئېتىدۇ.

9

ئىنسانىيەتنىڭ تىلى يوقالمايدىكەن، شېئىرمۇ يوقالمايدۇ.

## شېئىر ۋە روھىيەت

1

بۈگۈنكى شېئىر چوقۇم دېموكراتىك روھنىڭ دادىل ئىلگىرىلىشى بولۇشى كېرەك.

2

شېئىرنىڭ ئىستىقبالى دېموكراتىك سىياسىينىڭ ئىستىقبالى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

شېئىرنىڭ گۈللىنىش ئاساسى دېموكراتىك سىياسىينىڭ مۇستەھكەملىنىشىدە،

دېموكراتىك سىياسىي مەغلۇپ بولسا، شېئىردىن ئۈمىد ئۈزۈلىدۇ، شېئىر زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ.

3

ھەقىقانىيەتنىڭ قوماندانلىق قىلىچى خەلقنىڭ قەدىمىنى تەشكىللىگەنگە ئوخشاش، شائىرنىڭ قەلىمى چوقۇم خەلق روھىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

4

شائىر ھەرىكىتىنىڭ ئەھمىيىتى كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى، ھەۋىسى ھەمدە تەلىپىنى ئايلاندۇرۇۋېتىشتۇر.

5

شېئىرنىڭ تەشۋىقات رولى — ئىنسان قەلبىدە پارچىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇنى يېڭىباشتىن ئۇيۇشتۇرۇش؛ كىشىلەرنىڭ كونا دۇنياغا بولغان بىزارلىقىنى ئادەتتىكە، يېڭى دۇنياغا بولغان ئۈمىدىنى جاسارەتكە ئايلاندۇرۇشتۇر.

6

ئەڭ ئالىي نەزەرىيە ۋە خىتابنامە — شېئىردۇر.

ئاشۇ ئۇلۇغ سىياسىيشۇناسلارنىڭسۆز - نۇتۇقلىرى كۆپ ھاللاردا خەلق ھوقۇقى ئۈچۈن، ھەقىقانىيەتنىڭ شېئىرىي تىلى بولۇپ تەبىئىي ئۇرغۇپ چىقىدۇ.

7

شائىرلار دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ بولكىسى ۋە بەختسائادىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن سىرت، سەنئەتنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماسلىقىنىمۇ كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئاساسىي قانۇنغىمۇ تەشنا بولماقتا.

8

ئاساسىي قانۇننىڭ شائىرلارغا بولغان ئەھمىيىتى باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى پەقەت پىكىر قىلىش ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈمىدى ۋە ئارزۇسىنى يەتكۈزگىلى بولىدۇ؛ بارلىق ئىلگىرىلەشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

خەلقنىڭ پىكىرلىرىنى بوغۇش، بارلىق زورلۇق كۈچ ئىچىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك زورلۇق كۈچتۇر.

9

شائىر ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇش ھېسسىياتى ئۈچۈن، ئوبراز ئىزدەيدۇ.

10

سىياسىي شېئىر — شائىرنىڭ بىر ئىشقا بولغان خىتابنامىسى بولۇپ، شائىرنىڭ شۇ ئىشنى تېخىمۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن مەقسەتلىك قوزغى-

غان چاقىرىقىدۇر. ئالدامچىلارغا نىسبەتەن بىر خىل پاش قىلىش؛ ئالدانغانلارغا بولغان بىر خىل سىگنالدۇر.

11

شېئىر ئەركىنلىك ئەلچىسىدۇر. ئۇ مەڭگۈ سادىقلىق بىلەن ئىنسانىيەتكە تەسەللى ۋە روھ بېرىدۇ. ئىنسانىيەت قەلبىگە ئەركىنلىكنىڭ تەشنالىقى بىلەن ئىشەنچ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.

شېئىرنىڭ ئاۋازى ئەركىنلىك ئاۋازىدۇر. شېئىرنىڭ كۈلكىسى ئەركىنلىكنىڭ كۈلكىسىدۇر.

12

موناخلار، ئاقسۆڭەكلەر، بۇرژۇئازىيە قاتارلىقلار سەنئەتنى، شېئىرنى نۆۋەتلىشىپ دەپسەندە قىلدى.

شېئىرنى خەلققە قايتۇرۇپ بېرەيلى! ئۇ خەلقنىڭ مەنىۋى قورالىغا ئايلانسۇن.

13

ئەقىل — پاراسەت غۇنچىسى، دائىم كۈرەش ئۇچۇن ئېچىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.

## ئىدىيە

1

ئادەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىلا، پىكىر قىلىدۇ.

2

تۇيغۇ — پەقەت بىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

3

تۇيغۇنى تۇتىۋالدىم دەپ قانائەت قىلماسلىق لازىم.

تۇيغۇ تۇيغۇغا قايتىلانغاندا، قېپقالغىنى پەقەتلا تۇيغۇدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟

شائىر فوتوگراف بولۇپ قالماسلىقى، ئۇ چوقۇم سىرتقى دۇنياغا بولغان تەسىرات بىلەن ئىدىيە ھېسسىياتىنى بىرلەشتۈرۈۋېتەلەيدىغان بىر سەنئەتكار بولۇشى لازىم.

4

ئادەم ئەڭ ئالىي ھايۋان. كۆز، قۇلاق، بۇرۇندىن باشقا يەنە مېڭىسى بار. شائىردا پەقەت مول تۇيغۇ كۈچى بولسىلا بولمايدۇ. يەنە مول مۇلاھىزە قىلىش، يىغىنچاقلاش ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى بولۇشى كېرەك.

5

دۇنياغا قارىتا بىز پەقەت قاراپ تۇرماقتا ئەمەسمىز، بەلكى مۆلاھىزە قىلىۋاتىمىز، پىكىر قىلىۋاتىمىز.

6

شېئىردا چوقۇم بەلگىلىك ئىدىيىۋى مەزمۇن بولۇشى كېرەك.

ئىدىيىۋى مەزمۇن بولمىغان شېئىر، قەغەز بىلەن ياسالغان ئادەم ۋە ئاتتۇر.

7

شېئىر كىشىلەرگە قانداق تۇيغۇدا بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ قانداق پىكىر قىلىش لازىملىقى توغرىسىدىمۇ تەربىيە بېرىش لازىم.

شېئىر تۇرمۇشنىڭ ئاقىلانە دوستى بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۈرەشنىڭمۇ سادىق ھەمراھىدۇر.

8

پىكىر قىلىش كۈچىنىڭ موللىقى چوقۇم شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە بولغان قىزغىنلىقتا، دۇنيا ھەمدە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئۈستىدە جىددى ئويلىنىشتا ئىپادىلىنىشى كېرەك.

9

سەنئەتنىڭ بارلىق قۇرۇلۇشلىرى چوقۇم ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم.

10

سەنئەتتە مەغلۇپ بولساڭ مەيلى، ئىدىيىدە مەغلۇپ بولما، مۇشۇ دەۋرگە ماس كېلىدىغان ئېنىق كۆز قاراش ئۈچۈن ۋەزىپە ئۆتىسەڭ مەيلى، ھەرگىز سەنئەت بىلەن مۇرەسسە قىلما.

11

ئويلىغىنىڭ يازغىنىڭدىن كۆپ بولسۇن، يازغىنىڭ ئويلىغىنىڭدىن كۆپ بولمىسۇن.

12

ھەر كۈنى ئۆزىڭىزنىڭ مېڭىڭىزنى تازىلاپ تۇرۇپ، يېڭى كۈنلەر ئۈچۈن مۆلاھىزە يۈرگۈزەيلى.

«شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 1996- يىللىق 7- سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەھەت ئەيسا

ئابدۇقادىر مەتسىدىق

# ئاخشام يازغان غەزەللەر

1

غەزەلخانلىق ماڭا نېسىپ بولۇپتۇ ئىشقى-ۋىجدانىدىن،
يۈرەك - باغرىم بولۇپ پارە قەدەمدە دەردۇ - ھىجرانىدىن.
مېنىڭ ئاشىقلىقىم چاندى رىياكارلىق بازارىدا،
ئەمەسمۇ زەررىچە پاكلىق ئەزىز مىڭلارچە يالغانىدىن؟
گۈزەللىك ئالىمى ئەردى ئەزەلدىن بۇ يارالمىشتا،
نېچۇككىم بولدى كۆزلەر كور تەمە ۋە نەپسى غەليانىدىن.
بىرى مەنسەپ تەمەسىدە بىرى پۇل ئىشتىياقىدا،
بىرى خۇسمەت بالاسىدا تىلەيدۇ ئولجا قاپقانىدىن.
بىراۋنىڭ شۆھرىتى ئۆسسە چىقار ئەۋجىگە كۇس - كۇسلار،
ياغار پىتنە - پاسات، تۆھمەت ئوقى بىردەمدە ھەرياندىن.
بۇ يەڭلىغ جادۇ - ئەپسۇنلار گۈزەللەر كۆزىنى ئەتتى،
«ئىسىت» دەپ قالدى قول چىشلەپ تالايلار يولدا ئازغانىدىن.
بولۇپ ھەر ئاخشىمى چۇل - چۇل كۆزۈمدىن ياش ئالار رومكا،
كەيپ بولمايدۇكىم شۇنداق جۇدا بولغانىدا ئارمانىدىن؟

2

سۆزۈڭگە ئالدىنىپ ئىشنى خاتا چاغلاپتىمەن باشتا،
گويا زەنجىردە بوينۇمنى ئۆزۈم باغلاپتىمەن باشتا.
پىرىنسىپنى قىلىپ دەستەك دولامغا مۇشتلىساڭ پات - پات،
بولاي دەپ تىغ سۈپەت ئۆتكۈر بېشىم چاقلاپتىمەن باشتا.
بىراۋلار «تۈلكە» دەپ غەيۋەت قىلىشسا ئالدى - كەينىڭدىن،
سېنى «سەركەردە - يولۋاس» دەپ ئەجەب ئاقلاپتىمەن باشتا.
قىلىپ بىر جۈملە نۇتقىڭنى ۋەھىيدەك كۈندە مىڭ تەپسىر،
بېرىپ ھەل -رەڭ سىياقىڭغا راسا ماختاپتىمەن باشتا.
قىلىپ ئەمرىڭگە سادىقلىق سىزىقتىن چىقمىدىم ھەرگىز،
ئەمەل كوڭكاڭنى يۈرسۇن دەپ سىيلىق، ياغلاپتىمەن باشتا.
«پىرىنسىپ» تىن چاتاق چىققان كۈنى بالاغا مەن قالدىم،
بولۇپ قۇربانلىقىڭ، ياغدا يۈرەك داغلاپتىمەن باشتا.
ئۆزۈمدىن بەلكى ئۆتكەندۇر ئەيىب: ئاپتاپنى كۆرگەندە-
ئېشەك ساغرىسىغا تۇۋا، قولۇم قاقلاپتىمەن باشتا.

3

خوتۇن ئالدىم، بىراق سۆيگۈ كوچاسىدا ئىزىم قالدى،
«دادا نەگە» دېگەچ ئۆيدە قاراپ تۆت - بەش تىزىم قالدى.

سەتەڭلەر كەينىدىن چاپتىم يۈرۈپ شەھۋەت تەمەسىدە،
كۆڭۈلنىڭ تۆرىدە مەزگىل ئەجەب تاتلىق سېزىم قالدى.
غازاڭدەك خەجلىگەچ سورۇپ پۇلۇمنى كۈلكە - نازلارغا،
سېتىپ قوي، ئات - ئېشەكلەرنى ئاران ئۈچ - تۆت غېزىم قالدى.
تۈگەپ ئاخىر جىمى ۋەسلىم قورساقىمۇ قالدى ئاچ كۈنلەپ،
پوكاننى تۇرغىلى گوللاپ پەقەت شولگەي بېزىم قالدى.
ئۇنىڭدىن بەتتەرى شۇكى تۆكۈلدى يۈز، نەسەب - ئابروي،
مەھەللە - يۇرت ئاراسىدا ئەجەب سەت نام - مېزىم قالدى.

4

كېتىپ قالغان ئىدىڭ بىر تال چېچىڭنى يادىكار ئەيلەپ،
مېنى كۈندەك جامالىڭنىڭ نۇرىغا زارۇ - زار ئەيلەپ.
كۆزۈڭدە ياش لىغىلداپ قالغىنى ئېسىمدە شۇ ئاخشام،
دىلىمغا مىڭ سوئال تەشۋىش، گۇمان، ھەيرەتنى يار ئەيلەپ.
ئەجەب بىلمەپتىمەن تۇۋا ئاشۇ پۇرسەتتە كۆڭلۈڭنى،
سېنى سۆيگۈ دالاسىدا شارابقا ئىنتىزار ئەيلەپ.
ئۆتۈپتۇ قانچە يىل ھىجران تىغىنىڭ جەبرىدە ئۆمرۈم،
ساڭا ئېيتالمىغاچ بىر سۆز، دېيىشنى خويمۇ ئار ئەيلەپ.
ئۆزۈمدىن ئۆتتى، نە ئەيلەي تويۇڭمۇ بولدى زەپ كاتتا،
مېنىڭ مەغلۇپلۇقىمنى كەڭ جاھانغا بەلكى جار ئەيلەپ.
تىلەپ بەختىڭنى مەي ئىچتىم ساڭا مەھبۇب يىگىت بىرلە،
كۆڭۈل رىشتىڭنى چات مەھكەم ئۇنىڭغا ئەگكۈ تار ئەيلەپ.
ئاشۇ بىر تال چېچىڭ ئەمما مېنىڭدە قالدى بول رازى،
يۈرەكتىن ئۇقچىغان ھەسرەت يېشىمغا ئېتىبار ئەيلەپ.

5

ئىسسىت ئۆمرۈڭگە، مەكتەپتىن — ئىلىم - پەن باغىدىن قاچتىڭ،
نادانسەن، ئۆز قولۇڭ بىرلە ئېشىڭغا چاڭ - توپا چاچتىڭ.
قىزىلگۈلدەك پۇراق چاچسۇن دېسە پەرۋىشچى باغۋەنلەر،
بولۇش ئىستىكىدە ياڭناق يولۇڭدىن چەتنىدىڭ ئازدىڭ.
كېلەمدۇ قايتا ئۆسمۈرلۈك — گۆھەرگە بەرگۈسىز چاغلار؟
گۆھەرگە تىلىكىڭ بار - يۇ، گۆھەرنى بىلمىدىڭ چاقتىڭ.
قولۇڭدىن يېتىلەپ بارسا نۇرانە پەللىگە ئۇستاز،
ساراڭدەك يۇلقۇنۇپ دەۋرى جاھالەتكە قاراپ چاپتىڭ.
بىلىمسىز ئەل روناق تاپماس، بۇنى قىلماي قىياس - مۆلچەر،
قىمارۋازنىڭ كۆزى بىرلە جاھاننىڭ كارىغا باقتىڭ.
ساتارسەن قوي - كالا بورداپ سېنى ئالدايدۇ تۆت تەڭگە،
ئەقىلسىزنىڭ كېمى تولماس، چوقۇم چوتنى خاتا سالدىڭ.
سۆزۈمنىڭ جەۋھەرى شۇكى: بىلىم شەيداسى بول ئوغلان،
ماڭا بەرگىن جاۋاب دىلدىن، قېنى قانداق قارار تاپتىڭ؟

6

ئىلھام نەدە قويساڭ قوي، رەقىبىڭنىڭ قولىدا قويما.
بولاي رازى كېزىشكە چۆل، مەرەزنىڭ يولىدا قويما.
تىلى تاتلىق دىلى مايماق ئىجىسلار كۆلسە خەندانە،
مېنى قەستەن خارۇ ئەيلەپ مورىنىڭ سولىدا قويما.
ئاشۇ بوردەك سېمىز پىتلار تۆرەلگەن ئەسلى ئاغلاردا:
كۆتەر ئولجا ياقا، باشتىن، ئۈلارنى دولىدا قويما.
تۆگە تارتقان بىلەن مەتە ئېشەكچى ھەم بولالمايدۇ،
ئۈنى پىكاپ تۆگۆل، ھەتتا سوپەكنىڭ رولىدا قويما.
تىلەكىم شۇ ئىدى گۆلدەك ھاياتقا خۇش پۇراق چاچماق،
بولاي نوتا، بىراق قاقشال دەرەخنىڭ غولىدا قويما.

ئىدرىس مەتسىيىت (قەدىناس)

## گۈمىدا

بايرام بولدى - توي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا،
ناخشا بولدى- كۆي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا،
گۆلدەك چىراي - روي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا،
تاغدەك قامەت - بوي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا،
ئىلھام، مەدەت خۇي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا.
كەلگەچ مېھرى ئوت - ئاتەش، قەلبى چاقناق چولپانلار،
مۇھەببىتى ۋەتەنگە يانار تاغلار - ۋولقانلار،
ئىجاد ئۈچۈن ئىلھامى پۈتمەس، تىنماس فونتانلار،
ئەل قەلبىدە كۈن - تۈنى لاۋۇلدىغان گۆلخانلار،
بايرام بولدى - توي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا.
مەرھابا دەپ تەبرىكلەپ سوققاچ تالاي يۈرەكلەر،
قۇچاقلاردا ۋىلىقلاپ كۆلگەچ ئۇماق گۆدەكلەر،
«كېلىڭ بۇلبۇل، مەرھابا» دېگەچ غۇنچە پورەكلەر،
ئۇسسۇل ئويناپ يۆگەلگەچ ئاق بېلىقتەك بىلەكلەر،
ناخشا بولدى - كۆي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا.
ئېشىپ ئىشقا - ئەمەلگە، ئەلنىڭ ئارزۇ - ۋىسالى،
چىقىپ بۈگۈن كۆككۆلدىن، قىلغان پىكىر - خىيالى،
جەڭگە ئۆتۈپ تۇلپاردەك ئىشچى، دېھقان، زىيالى،
شەربىتىگە زەپەرنىڭ تولغاچ ئالتۇن پىيالى،
تاغدەك قامەت - بوي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا.

ئىچىپ بەرگەچ دەۋرىمىز كەڭرى يېزىش يولىنى،
شائىر، ئەدىب، يازغۇچى تۇتۇپ قولىغا قولىنى،
لەپىلدىتىپ دىللاردا دوست-ئىناقلىق تۇغىنى،
ياشنىتىشقا تېخىمۇ كۆركەم ئىجاد گۈلىنى،
روھى ئىلھام خۇي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا.
ئاسماندىكى چولپاندەك دائىم چاقناپ يېنىشقا،
ئىجاد، مېھنەت يولىدا دادىل چامداپ مېڭىشقا،
چىقسا مەككار، بەتنىيەت يەرۈ يەكسان قىلىشقا،
ئۆرنەك قىلىپ يىغىننى هارماي - تالماي يېزىشقا،
ئۇلۇغ مەقسەت - ئوي بولدى بۈگۈن بوستان گۈمىدا.

ئابدۇغېنى سىيىت

## ۋەتەن كۈيى

ۋەتەن شەنىگە كۈي قاتسام پەلەكتىن ئاشتى ئاۋازىم،
بولۇپ جۆر سايرىدى ئۇرغۇپ دۇتار، تەمبۇر، جىمى سازىم.
بۇ يولدا تاغۇ - دەشت كەزسەم بىلىنمەس زېرىكىش ھاردۇق،
ۋەتەن رىشتىن قانات ئەيلەپ سامانى قۇچتى پەرۋازىم.

ۋەتەن قوينىدا يايرايمەن خۇشاللىق ئىپتىخار ئىچرە،
ۋەتەن بەختى، يولىغا مەن بولاي ئەجرىم بىلەن قەترە.
نومۇس دەيمەن جاپاسىدىن قېچىپ ياتلارغا دادلاشنى،
تۇيۇلغاي قىشىمۇ ئىللىق، گويا توز جىلۋىسى يازىم.

ۋەتەن تىنچ - مەنكى خاتىرجەم، تىنچلىق ماڭا قۇت، راھەت،
تىلەيمەن تىنچ، ئىناقلىقنى ۋەتەن، خەلقىمگە ھەر سائەت.
ۋەتەن باشىغا كەلگەن دەرد مېنىڭ كۆكسۈمگە خەنجەردۇر،
ۋەتەنىنىڭ مېھرىدىن ئۆزگە ماڭا دوستلار نېمە لازىم.

ۋەتەن ئىشقى دىلىمدا ئوت — بېغىشلار ئۇ ماڭا دەرمان،
تۇرۇپ يەڭ سەپكە ھازىرمەن ۋەتەن قىلسا نېمە پەرمان.
توساي كۆكسۈمنى قالقان قىپ ۋەتەنگە دەرد - مالامەتنى،
بارارمەن پېيىشنى ئۇشلاپ، يولۇمدا باشچى سەرۋازىم.

ياشايمەن ئۆز ئېلىمدە شاد، يىغا- كۈلكەمگە ئەل ئورتاق،
ۋەتەنگە گۈل چېكىپ ئەجرىم بىلەن ياشناپ تېپىپ روناق.
تەمەيىم يوق جاپاسىزلا ماڭا كەلگەن نەپ-ئامەتتىن،
پەۋەستۇر ھەممە ئىمكانىم ئېچىلغان بەختى دەرۋازىم.

ئەگەر ئۆرۈپ ۋەتەنىدىن يۈز شۆھرەت ئىزدىسەم ئۆزگە،
دېمەمدۇ ماڭا ئەجدادلار روھى: تۇفى !... قارا يۈزگە.
كۆمۈلمەمدۇ دىيارىمدا جۇلالاپ چاقنىغان ئەجرىم،
بولۇپ شەرمەندە ئاسىي ھەم چۈۋۈلمامدۇ شۇئان مازىم.

ۋەتەن بەردى ماڭا نۇسرەت، شاھانە مەرتىۋە ئورۇن،
مۇناسىپ ھۆرمىتىم باركى قەدىرلەر بەزمە، توي، سورۇن.
كۈتەر مېھرى بىلەن بەرنا يىگىت - قىزلار قىلىپ خىزمەت،
ۋەتەنگە ئىشلىمەك بەختىم، ئۇنىڭدا سۆيگۈ گۈلنازىم.

ۋەتەنىنىڭ جىلۋىدار ھۆسنى گۈزەللىكتە بۈيۈك، زىبا،
شۇ زىباغا، گۈزەللىككە ئەزەلدىن مەن كۆيۈك زىبا.
نېچۈن كۈلمەي ۋەتەن گۈللەش يولىغا سالسا تۇلپارنى،
دېدىم: دەۋرىم، ئانا تۇپراق ئۆزۈك بەختىمگە ئەندازىم.

ۋەتەنگە قىلىمەن خىزمەت — جاپاسىنى بىلىپ راھەت،
دىلىم ياپرايدۇ ئەۋلادلار دېگەندە: رازى، ھەر سائەت.
شۇڭا دەيمەن ئۆزۈمگە: ئەي غېنى ئەل-يۇرتقا سادىق بول،
بولۇپ خەلقىم سۆيەر باغۋەن بەجا ئەيلەپ سالام، تەزىم.

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

# قەدىرلەيلى بەخت يولىنى

نۇر تەپچىگەن تاڭلاردەك زىبا،
يۇرتۇمدا يۈز ئاچقان
چەكسىز كەتكەن كۈمۈش رەڭ يوللار.
بۇ يوللارنى بار قىلدى پەقەت،
ھارماس - تالماس
خاسىيەتلىك باھادىر قوللار.
بۇ يولدا بار
پاراسەتلىك دېھقان ئاتامنىڭ،
بەرىكەتلىك ھايات كەچمىشى،
پەرىشانلىق ئاچچىق كۆز يېشى.
قۇرۇماس مەڭگۈ،
ئوخچۇپ تۇرغان زۇمرەت بۇلاقتەك،
شادىيانە مەغرۇر ناخشىسى.

بۇ يوللارغا تۆكۈلگەچ ھەر ئان،
دولقۇنلىغان دەريا كەبى تەر،
چىن مۇھەببەت - سۆيگۈ سىرلىرى،
كۆڭۈل ھېسلىرى.
بار شۇڭا بىزدە
يوللارنىڭ بەلەن - ياخشىسى،
يول ياساشنىڭ بۈيۈك قىسسىسى.
يوقالمايدۇ بۇ يوللار ئەبەد،
تۇتاش كەتكەن يېشىل بوستانلار،
چىمەنزار باغلار،

## يول شەجەرىسى

كۆك سۆيگەن تاغلار،
ئۇنىڭ قورقماس باتۇر ساقچىسى.
بۇ يوللاردا ئەنە بەس-بەستە،
ياڭرىماقتا يۈرۈش ناۋاسى.
ئۆرلەش ساداسى!...
بۇ يوللاردا كۈلۈپ ئۆمىدلەر،
شوخلاپ يۈرەكلەر.
گۈل قىستى ھايات،
باشلاندى پارات.
مۈشكۈللەرمۇ تىزلىنىپ بۇدەم،
ئەلەم بىلەن دەپ قالدى ھەيھات!
مۇشۇ يوللاردا
يولۇقتىمۇ دېھقانغا خىزىر.
ئېچىپ ئۇنىڭ ھۆرمەت-ئىززىتى،
كېلىپ ئامىتى،
پۇل كۆرۈپ قولى.
چىقاردى شادلىقتىن ئۇمۇ پەي-قانات،
پەيدا بولدى بەستىگە سۇبات.
مەڭزىگە زىناق.
ئەسىرلەر بويى،
ئېزىپ نىشاندىن.
ھەسرەت يېشى گويا كۆل بولۇپ،
مۇڭلانغان كارۋان،
سارغايغان ئىنسان،
ئەمدىلىكتە ئوينىدى بايرام.
شۇڭا دېدى ئاقىللار:
كۆڭۈل سازلىرىدا،
غەلىبە مارشلىرىدا،
بەخت تويلىرىدا،
يوللارغا ئېھتىرام، دېھقانغا سالام...
بىر چاغلاردا،
سەپەر قىلماقمۇ،
داۋان ئاشماقمۇ،
ھەتتا نەچچە قەدەم ئالماقمۇ،
تاغ يۈدكەندەك قىيىن ئىش ئىدى،
نەۋ باھارمۇ گويا قىش ئىدى.
ھارغىنلىق باساتتى دىلنى شۇ قەدەر.
باشتا ئەگىپ يۈرەتتى خەتەر،
خەيرلەشتى بىزدىن قاي سائەت،
ئازابلىق سەپەر،
سېھىرلىك خەتەر.
ئېزىش بىلەن ئېغىش يوقالدى،
مەنزىلىمىز قارايماس بولدى.
يوللار بولغاچ نۇرانە ئەختەر،
بۇ يوللارنىڭ قوينىدا ئەنە،
دولقۇنلايدۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت،
شاۋقۇنلايدۇ غەيرەت - شىجائەت.
ۋاپا - ساداقەت،
بەخت - سائادەت،
نۇسرەت - ئىناۋەت...
ئۇيقۇلۇق ھېسلارنى ئىقبالغا چىللاپ...
بىزمۇ ئەمدى چۈشلەردە ياتماي،
مەنزىلىمىز ئاقماي،
ئۇلۇغلايلى بەخت يولىنى،
نۇسرەت يولىنى،
ئىشقىمىزنىڭ بارىنى ئاتاپ.
قىلايلى يوللارنى مەڭگۈگە تاۋاپ،
سۆيەيلى يولچىنى مەڭگۈ ئەزىزلاپ...

ئابلىكىم تالىپ

# ئاشۇ پەنجىرە

تۈمەن كۆزدە باقىدۇ ئاسمان،
گۈل لېۋىگە سۆيگەندە سەلكىن.
يۈرىكىمدە بىر ئېزگۈ ئارمان،
كەلمەكتىمەن خۇشال ۋە تەمكىن.
توسماقچىمۇ مېنىڭ يولۇمنى،
چېكە تكىلەر سېلىشىپ چۇقان.
ئاي تۆكىدۇ تال - تال نۇرىنى،
يورۇق تۇرغان پەنجىرە تامان.
مەن كېلىمەن ئوت كەبى يېنىپ،
شۇ يورۇقنى نىشانلاپ تېز - تېز.
كۈلەر بەلكىم بىردىن شادلىنىپ،
تونۇش بولغان ئۈنىنى ئاڭلاپ قىز.
يورۇق تۇرغان ئاشۇ پەنجىرە،
كۆزلىرىمنىڭ ئېكرانى بۇ دەم.
بولۇپ زاھىر گۈزەل مەنزىرە،
قۇچاق ئېچىپ كېلەر پەرىشتەم.

ئەمەن تۆمۈر

# ئۈجمە گۈلى

(ھېكايە)

تالاي قېتىم دېيىلگەن گەپ بولسىمۇ، يەنە تەكرارلىغىم كېلىدۇ: ئىنسانغا ھايات بىرلا قېتىم نېسىپ بولغىنىدەك ياشلىق دەۋرىمۇ بىر ئۆتكۈنچى پۇرسەتتۇر. ئۇ خۇددى يىلنىڭ باھارى، گۈلنىڭ پورەكلەش مەزگىلىگە ئوخشاش، ئىنسان ھاياتىنىڭ بېزىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل ھايات دەپتىرىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىنسان ھايات مۇساپىسىدا ياشلىقتىن ئىبارەت بۇ ئالتۇن دەۋردىكى قەدەمنى پۈتكۈل ھاياتىم ئۈچۈن بېسىلغان قەدەم دەپ بىلىشى كېرەك. مەيلى كىچىككىنە تۇرمۇش يېقىدىن بولسۇن، مەيلى ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن بولسۇن بۇ دەۋردە شۇنداق ئېسىل پۇرسەتلەر قۇچاق ئاچىدۇكى، گويا تۈندىكى چاقماق ۋە ياكى تومۇز كۈنلىرىدىكى مەيىن شامالغا ئوخشاش دىققەت - ئېتىبارىمىزغا چۈشىدۇ. بىراق كۆپىنچە ھاللاردا بۇ پۇرسەتلەرنى ...

بۈگۈن ھاياتىمدا نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن يەنە بىر قېتىم پەقەت ئۆزۈمگىلا ئايان بولغان بىر ئاچچىق ئازابلىق كۈننى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇم. مېنىڭ بۈگۈنكى ئازابىمنى، يۈرىكىمنىڭ ئەلەملىك مۇجۇلۇشىنى، ۋۇجۇدۇمنىڭ ئوت دېڭىزىدا ئۆرتىنىشىنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزمەن. بۇ ئازابلارنى پەقەت ماڭا ئوخشاش قىسمەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەرلا تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. بەش ياشلىق ئوغلۇم ئىش ئۈستىلىمدىكى بىر تەشتەكنى چېقىۋېتىپتۇ. چۈشتە ئىشتىن قايتىپ كېلىشىمگە ئايالىم بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. مەن ئىشەنمەي ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كۇتۇپخانامغا كىردىم. دوپپا چوڭلۇقتا توپىسى بىلەن تۇرغان ئۈجمە گۈلۈمگە كۆزۈم چۈشتى - دە، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا ھەرىكەت توختىغاندەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. غولى ئاشۇ ئوغلۇمنىڭ بىلىكىدەك بولغان بۇ گۈلنىڭ باراقسان شاخلىرى ئېگىلىپ، ئالقاندەك - ئالقاندەك چوڭلۇقتىكى ئاچ يېشىل شالاڭ ياپراقلىرى سولىشىپ، گويا ئېغىر ھەسرەتكە چۆمگەن كىشىدەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. سەل ئۆتۈپ ۋۇجۇدۇمنى ئاجايىپ بىر خىل ئەسەبىيلىك چۇلغىدى - دە، قولۇمغا ئېسىلغان ئاشۇ ئوغلۇمنى كارىۋاتقا ئېتىۋېتىپتىمەن، توي قىلغاندىن بېرى قولۇم تەگمىگەن ئايالىمنىمۇ بىر نەچچىنى ئۇرۇۋېتىپتىمەن.

— ئۇرۇڭ، ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، ئۈجمە گۈللۈك جىن تەگكەن ساراڭ! - دېدى ئايالىم توي قىلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ماڭا تىل ياندۇرۇپ. ئۇ يەنە ئېسەدەپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ تىللىغاچ بالىنى پەپىلەشكە باشلىدى. ئۆي ئىچىنى بىر ھازا قىقاس - چۇقان قاپلىدى.

شۇنداق، مەن ئۈجمە گۈللۈك جىن

چاپلاشقان سارالڭ. ئۆيۈمدە بۇنىڭدىن
باشقىمۇ يەنە بىر نەچچە تەشتەك گۈل
بار، ھەممىسى ئۈجمە گۈلى. ئىشخانامـ
دىمۇ شۇنداق. مەن بۇ گۈلنى ھەققەـ
تەن ياخشى كۆرىمەن. بىراق باشقا
تەشتەكتىكىلىرى مۇشۇ چېچەكلەپ كەتـ
كەن تەشتەكتىكى گۈلنىڭ بالىلىرى.
مەن ئۇنى نەچچە يىللاردىن بېرى ھاياـ
تىمدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ قەدىرلەپ كەلـ
گەنىدىم. ئەپسۇسكى، ئوغلۇم ئۇنى
چېقىۋېتىپتۇ. ئانىسى مېنىڭ بۇ بىر
تەشتەك گۈلنى شۇنچە ئەتىۋارلايدىغىـ
نىمنى بىلىپ تۇرۇپ كارى بولماپتۇ.
باشقا تەشتەكلەرنىڭ ھەممىسىنى چېـ
قىۋەتكەن بولسىمۇ بۇنچىۋالا ئازابلىنـ
ماپ كەتمەس ئىدىم. شۇنداق قىلىپ
قالغان ئاچچىقىمنى تاماكىدىن ئېلىپ
شۈمشىيىپ قالغان گۈلگە قاراپ ئولـ
تۇرۇپ كەتتىم. ئىچ - ئىچىمدىن كۆچـ
لۈك پىغان ئۆرلەيتتى. گويا شۇ تاپتا
قەلبىمگە، چاقماقتەك چېقىلىپ ئۆتۈپ
كەتكەن ياشلىق دەۋرىمگە، قەلب خاـ
نەمنى خۇش پۇراققا تولدۇرۇپ، ھاياتىمـ
نى گۈزەل كۆرسىتىپ تۇرىدىغان مۇشۇ
گۈلۈمگە يۈز كېلەلمەسلىكتەك بىر خىل
تۇيغۇ يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ، تەپەككۇر
قۇشلىرىمنى ئۈركىتىپ ئەسلىمە ۋادىـ
لىرىغا قوغلىماقتا ئىدى...

— مەن ئالىي مەكتەپنى تاماملاپ خىزـ
مەتكە چۈشكەنلى بىر يىل تولغان كۈنـ
لەردە ئىشخانىمىزغا خىزمەت تونۇشتۇـ
رۇشىنى كۆتۈرۈپ بىر قىز كىرىپ كەلـ
دى. ئۇ بىزنىڭ ئىشخانىدىغا تەقسىم قىـ
لىنغانىدى. بىز ھەم ھەيرانلىق ھەم
قىزىقىش ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن ئوقۇغان
مەكتەپ، كەسىپلىرى توغرۇلۇق پاراڭـ
لاشتۇق. ئوچۇق - يورۇق مىجەزلىك بۇ
قىز مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن ئەمدىلا چىقـ
قىنىغا قارىماي ھە دېگەندە سۆھبىتىـ
مىزگە جايىدا جاۋاب قايتۇرۇپ، ھەمـ
مىمىز بىلەن بىردەمدە ئۆزلىشىپ كەتتى.

ياشلىق دېگەن ئاجايىپ - دە. قىزـ
نىڭ غۇنچە بويى، بولۇپمۇ كىشىنىڭ
ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىپ تۇرىدىغان،
چېچەنلىك بىلەن ئويناپ تۇرىدىغان
بۇلاق كۆزلىرى مېنى ھەدېمەيلا ئۆزىگە
مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. شۇنىڭ ئۈـ
چۈنمۇ باشلىقنىڭ باشقىچە بىر نېمە
دەپ سېلىشىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلىپ
كەتتىم. بىراق ئۇنداق بولمىدى. قىزـ
نىڭ ئىشخانىمىزنىڭ تەتقىقات مەسىـ
لىلىرى ھەققىدىكى پىكىر، كۆز قاراشـ
لىرى ھەممىمىزنىڭ قىزلار ئىلمىي خىزـ
مەتلەرگە ماس كەلمەيدۇ، دېگەن ئىپتىـ
دائىي قاراشلىرىمىزنى تەۋرىتىپ قويـ
دى. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز تار بىر
بۆلۈمچىدە ئۈستەللىرىمىزنى قارىمۇ
قارشى قويۇپ كىتاب - ماتېرىياللار
دۆۋىسىگە چۆكۈپ ئىشقا كىرىشىپ
كەتتۇق.

قىزنىڭ ئىسمى ئايجامال ئىدى. ئۇ
ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق
پەرىنىڭ ئۆزى ئىدى. تېگى - تېگىدىن
نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئاق سۈزۈك يۈـ
ملاق جامالى، قۇندۇزدەك چاچلار ئارىـ
سىدا بەئەينى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن
ئايدەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇ چاچـ
لىرىنى زامانداش قىزلاردەك كېسىۋېـ
تىپ ھەرەڭ - سەرەڭ ياسىۋالغان بولـ
ماستىن پەقەت ئالدى تەرىپىنىلا كۆـ
رۈنەرلىك كۆپتۈرۈپ، ئارقا تەرەپتىن
چىرايلىق ئىككى ئۆرۈم قىلىپ قويۇۋەتـ
كەنىدى. بىلەكتەك تومىلۇقىنىكى بۇ
ئىككى ئۆرۈم چاچ ئۇنىڭ ساغرىلىرىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېشىپ ئاجايىپ بىر خىل جەلپكارلىق بىلەن يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بەلكىم مۇشۇ سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك، ئۇ ئىشخانىغا قەدەم بېسىشى بىلەنلا ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتىپ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەلبىمدە يۈكسەك ئورۇننى ئىگىلەشكە باشلىغانىدى.

دەرۋەقە، مەندە ئايجامالغا نىسبەتەن كۈندىن - كۈنگە نازۇك تۇيغۇلار ئويغىنىۋاتقان ئىدى. بۇ مەندە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان تۇيغۇ ئىدى. مىجەزىم ناچارراقمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ماڭا قىزلار ئاسانلىقچە يېقىنلاشمايتتى، مەنمۇ ھەم شۇ چاغقىچە بىرەر قىزنىڭ دىققىتىمنى تارتقىنىنى، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگىنىنى بىلمەيتتىم. ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم ياكى دوستلىرىم مېنى ياۋايى دېسە، قىزلار تالىپ مىجەز دېيىشەتتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا بولسۇن ياكى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بولسۇن بىرەر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىش تۈگۈل يېقىنراق ئارىلىشىپمۇ باقمىغانىدىم. قىسقىسى قىزلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتىم.

خىيالىمچە ئايجامالنى گۈزەللىك ئىلاھى دېسە ئارتۇق كەتمەيتتى. ئۇ كەلگەندىن بېرى ئىشخانىمىز گۈزەللىك يېغىپ تۇرىدىغان ئىشخانىغا ئايلىنىپ قالدى. دېرىزە تەكچىسىدىكى قالايمىقان كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ ئورنىنى چىرايلىق گۈل تەشتەكلىرى ئىگىلەپ كىچىك بىر گۈللۈك ھاسىل بولدى. ئىشخانىنىڭ ھەممە يېرىدىكى سىڭىپ كەتكەن ئاچچىق تاماكا ھىدىنىڭ ئورنىنى دىماغلارنى غىدىقلايدىغان فرانسىيە ئەتىرىنىڭ خۇش پۇرىقى قاپلىدى. بۇ ھالەت ئىشىكتىن كىرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ چىقىپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغىدەك ئىللىقلىق بەخش ئېتەتتى.

ئايجامالنىڭ تەشتەكلەردە ئۆستۈرگىنى دېگۈدەك ئۈچمە گۈلى ئىدى (باشقا گۈللەرمۇ ئانچە - مۇنچە بار ئىدى، ئەلۋەتتە). ئۇ ھەر كۈنى گۈللىرىگە بىر - بىرلەپ سۇ قۇيۇپ، سەل يىڭىلەپ سارغىيىشقا باشلىغان يوپۇرماقلىرىنى، قالايمىقان ئۆسكەن شاخچە - بىخلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئېلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ گۈللەر كۈندىن - كۈنگە باراقسانلاپ چىرايلىق ئاينىماقتا ئىدى. بىراق شۇنچە قېتىرقىنىپ پەرۋىش قىلىنىدىغان بۇ گۈللەر ئاندا - ساندا بىرەر تال ئېچىلىپ قويۇپ ئۇزۇن تۇرمايلا توزۇپ كېتەتتى.

— ماۋۇ گۈل غۇنچىلاپتۇ، يېقىندا ئېچىلىدۇ! — دەيتتى ئايجامال قېنى - قېنىغا پاتمىغان خۇشاللىق بىلەن بىرەر تال غۇنچىنى كۆرسىتىپ.

راست دېگەندەك بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا سۆسۈن بىلەن ھال ئارىلىقىدىكى بىر خىل رەڭدە بەرگىلىرىنى چىرايلىق يايغان گۈل پەيدا بولاتتى - دە، ئۇزۇنغا بىر ھەپتە، قىسقىسى ئىككى - ئۈچ كۈندە يوقىلىپ كېتەتتى. لېكىن بۇ گۈل، گۈلدىن بەكرەك بەئەينى ئۈچمىنىڭكىگە ئوخشايدىغان يوپۇرماقلىرى بىلەن يېشىللىققا پۈركەنگەن گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىپ تۇراتتى.

بىز ئايجامال بىلەن ھەر كۈندىكى تاڭدا يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا ئوتقاشتەك تاۋلانغان گۈل ياپراقلىرىنى تاماشا قىلاتتۇق. قۇياش نۇرى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلەتتى - دە،

ياپراقلار ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ قىزنىڭ تولۇن ئايدەك چىرايىدا ئەكس ئېتەتتى. ئۇ كۈچلۈك كۈن نۇرىدىن كۆزلىرىنى قولى بىلەن دالدا قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا مېنىڭ كەلتۈرۈپ چاقچاق قىلىۋالغۇم كېلەتتى.

— بېشىڭىزغا كۈن چۈشۈپتۇ - دە.

— شۇنداق، بېشىمغا كۈن چۈشتى، ياردەم قىلىدىغان بىرەرسى چىقمايدىغۇ تاڭ، - ئۇ دەرھال چاقچىقىمنىڭ تېگىگە يېتىپ جايىدا ئىنكاس قايتۇراتتى.

بۇ مەن كۈتكەن گەپ ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىم. بۇ گەپلەر بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ جاۋابىغا تەشنا بولغىنىم ئۈچۈنمىكىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاشۇ مەزمۇندىكى چاقچىقىمنى بىر قېتىم قىلىۋالاتتىم. مېنىڭ شاتۇتىدەك بىر خىل مەزمۇندا قىلغان چاقچىقىم يۈرىكىمنى يايرىتىدىغان، تېخىمۇ ياخشى جاۋابلارغا ئېرىشسە ئېرىشتىكى، ئۇنىڭدا قىلچە بىزارلىق تۇيغۇسى كۆرۈلمىدى.

— سايىۋىنىڭىز باردۇ؟

مەن بىر كۈنى دېمەك تەس بولغان مەقسىتىمدىن شەپە بېرىپ ئۇنىڭغا بۇ سوئالنى قويدۇم. ئۇ ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— يوق، بار بولسا بېشىمغا كۈن چۈشەتتىمۇ؟ - ئۇ يەنىلا چاقچاق ئارىلاش گېپىمگە نەق جاۋاب قايتۇردى.

بۇمۇ مەن كۈتكەن جاۋاب ئىدى. بىراق دەرھال كۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ھاياجىنىم نېرۋىلىرىمنى زىيادە جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئارىمىزدا ئېچىلغان شۇ قەدەر داغدام يولغا قانداق قەدەم بېسىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ كەتتىم. «ئۇنداقتا مەن سىزگە سايىۋەن بولسام بولغۇدەك» دېگەن سۆز ئېغىزىمنىڭ ئۇچىغا نەچچە كېلىپ قايتىپ كەتتى. نېمىشقىدۇر شۇ چاغدا ماڭا قايتا گەپ قىلىش تاغنى يالاپ تېشىشتىنمۇ ئېغىر كەلدى.

جاھاندىكى بارچە مەۋجۇدات ئۆز جۈپتى بىلەن يارالغانمىش، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ مەن ئۈچۈنلا يارالغانىدى. ئەلمىساقتا ئىككىمىزنىڭ بەختى قوشكېزەك ئىدى، بۇ مېنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرۇم ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مەن ياشلىق دەۋرىمگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ كۈتكەن، روھىمدا تەلپۈنگەن، غايىبانە تەلمۈرگەن، يۈرىكىمنىڭ تۆرىدە غايىبانە ئورۇن ساقلىغان قىز ئايجامال ئىدى — ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى قىز ئىدى. ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى، گەپ-سۆزلىرى، ئاۋازى — ھەممە نېمىسى تولىمۇ گۈزەل ئىدى. جاھاندىكى ھېچقانداق بىر قىز ئۇنىڭدەك ئوماق كۈلەلمەيتتى، ئۇنىڭدەك يېقىملىق ئاۋازدا سۆزلىيەلمەيتتى، ئۇنىڭدەك چىرايلىق ھەرىكەت قىلالمايتتى.

بۇ نۇقتىنى ھېس قىلغان مىنۇتتىن باشلاپ تۇرمۇشۇم، مىجەزىم تۈپتىن ئۆزگەردى. تولا خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. جاھان كۈندىن - كۈنگە چىرايلىقلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. قانچە ئىشلىسەممۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتىم، بىراق بۇ ھالىتىمگە قارىمۇ قارشى خاپىغان كېسەللىكگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم، نېمىسىنى دەي: گۈزەل ھەم خۇشپۇراق گۈلدىن ھەممە ئادەمنىڭ ھوزۇرلانغۇسى كەلگىنىدەك باشقا ئېشى-

uyghurkitap.com

خانىلاردىكى يىگىتلەر پات-پات ئىشخانىمىزغا كىرىۋېلىپ ئايجامالغا سۆز قىلىپ، چاقچاق قىلاتتى. ئايجامالمۇ مەن بىلەن قېرىشقاندەك ئۇلار بىلەن كۈلۈشۈپ، ھەتتا ئويىنىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق چاغلاردىكى كۈلكىسى يۈرىكىمگە ئەزرائىلنىڭ قىلىچىدەك ئۆرۈلۈپ پارە-پارە قىلىۋېتەتتى، ئاچچىقىمدا كىرگەنلەرنى ئېغىز چىشىمغا ئېلىپ چايناپ پۇركۈۋەتكۈم كېلىپ كېتەتتى. قىسقىسى بۇنداق چاغلاردا دەھشەتلىك رەشىك ئوتىدا ۋۇجۇدۇم ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كېتەتتى.

— نېمە ئامال، — دەيتتى قىز ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا مېنىڭ كەيپىياتىمنى سەزگەندەك، — ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن شۇنداق بىزار بولىمەن. لېكىن مىجەزىم ئوچۇق بولغاچقا، گېپىگە يارىشا جاۋاب بەرگۈم كېلىدۇ.

«شۇنداق قىلىڭ، مېنى ئازاب ئوتىدا كاۋاپ قىلىڭ!» دەيتتىم ئىچىمدە. چىرايىمدا بولسا تولىمۇ ئېچىنىشلىق، ئىنتايىن ئەلەملىك تەبەسسۇم ئەكس ئېتەتتى.

مەن ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىچ-باغرىمنى تامامەن تۆكۈپ تاشلايدىغان مۇۋاپىق بىر كۈننى تاللاپ بىر كېچە ئۇخلىماي تەييارلىق قىلدىم. گەپنى نەدىن باشلاش، نېمىلەرنى دېيىش توغرۇلۇق ئەتراپلىق باش قاتۇرۇپ، سۆزلەرنى كۆڭلۈمدە مارجاندەك تىزىپ چىقتىم.

— ئايجامال، — دېدىم ئەتىسى پەيتى كەلدى دەپ قارىغان ۋاقتىمدا.

ئۇ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى. مېنى دەرھال سۆز باستى، چىرايىمغا ساختا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ بۇلاق كۆزىدىن ئۇرغۇچقان نۇر مېڭەمدىكى سۆز تىزمىلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. مەن غەلىتە گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم:

— بۇ پوپايىكىڭىز بەك يارىشىپتۇ.

— شۇنداقمۇ، — دېدى ئۇ ئاپتاپپەرەستەك كۈلكىسىنى جىلۋە قىلدۇرۇپ، — ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت. بىراق كىيگىلى نەچچە كۈن بولغان پوپايىكىنى بۈگۈن ماختىغىنىڭىز قانداق گەپ ئەمدى؟

يۈزۈمگە ئوتتەك ھارارەت يامىرىدى.

— دىققەت قىلماپتىمەن، — دەپ ئۆزۈمنى ئاقلاشقا مەجبۇر بولدۇم. كۆڭلۈم ئاجايىپ غەشلىك ئىچىدە كۈننى كەچ قىلدىم.

بۇنداق ھادىسىلەرمۇ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ھەر قېتىم ئۆزۈمگە ئاچچىقلىنىپ قايتا پۇرسەت كۈتەتتىم ۋە كېيىنكى قېتىم چوقۇم يا ئۇيانلىق يا بۇيانلىق بولىمەن، دەپ ئىچىمدە قەسەم ئىچەتتىم. بىراق «قەسىمىم» قەسەم پېتى قېلىۋەردى ...

بۇ كۈنلەردە مېنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ مەندىن كەسپىي خىزمەت مەسىلىلىرىدە ئۇنى-بۇنى سورايتتى. بەزى ئىشلارنى بىللە بېجىرەتتۇق، بۇنداق چاغلار مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ شېرىن، ئەڭ خۇشال چاغلار بولاتتى. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ مېنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ، سورايدىغان مەسىلىلىرىنىڭ كۆپلەپ چىقىپ تۇرۇشىنى شۇنچىلىك تىلەيتتىم. بىراق بۇنداق پۇرسەتلەر كەمدىن كەم كۆرۈلەتتى...

مەن يەنە بىر قېتىم قەتئىي نىيەتكە

كەلدىم. بۇ قېتىم خېلى يامان ئەمەس بىر چارىنى ئويلاپ تاپتىم — بۇ چارە ئۆزۈمگە تولىمۇ ياقتى. كېچىچە ئۇخلىماي بارلىق گۈزەل ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر پارچە خەت يېزىپ چىقتىم. خەتنى ئوقۇۋېتىپ يۈزلىرىم قىزىشىپ ئۆزۈمچە خۇدۇكسىراپ كەتتىم. «بولدىلا، غەيرەتلىك بول ئىلياس، ئەمدى ساڭا مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئىلاج قالمىدى. ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇر! ئازابلىرىڭنى نەۋاققىچە كۆتۈرۈپ يۈرەتتىڭ؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە مەدەت بەردىم. كېچىچە قىزنىڭ خەتنى كۆرگەن چاغدىكى چىرايى، بېرىدىغان جاۋابى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، كىرپىك قاقمىغانچىلىك قىلىپ تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئۇنىڭ خېتىمگە چوقۇم مەن كۈتكەندەك جاۋابنى بېرىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. ئەتىسى روھلۇق ھالدا ئىشخانىغا باردىم - دە، خەتنى ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ماتېرىياللىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويماقچى بولۇپ يانچۇقۇمغا قول سېلىپ تۇرۇپ قالدىم. «مۇشۇنچىلىككە پېنى يۈز تۇرا نەدېيىشكە پېتىنالمىدىڭىزمۇ، نەرىڭىز يىگىتكە ئوخشايدۇ - ھە سىزنىڭ؟» قىزنىڭ بۇ غايىبانە سۆزى ئۇشتۇمتۇت مېڭەمدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى. يۈزۈمدىن باشلانغان ھارارەت بويۇنلىرىم ئارقىلىق پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تارىغاندەك بولدى. ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتىم. قىز كىرىپ كەلگەندە بولسا ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ تۈزۈكرەك سالام - سائەت قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدىم.

كۈنلەر تىزىمىسى بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋەردى. بۇ دەملەردىكى بىردىنبىر خۇشاللىقىم خىيال بولۇپ قالدى. خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن بەختىنىڭ ئەڭ شېرىن ھوزۇرلىرىنى سۈرۈپ كېتەتتىم؛ يۈرىكىمنىڭ تېگى - تېگىدە ساقلىغان شېرىن سۆزلىرىمنى دېيىشەتتىم؛ ھاياتتا نېسىپ بولىدىغان ئەڭ لەززەتلىك قىلىقلارنى قىلىشاتتۇق... ئۇنى خىيال قىلمايدىغان بىرەر مىنۇت ۋاقتىممۇ يوق ئىدى. بۇنداق كۈنلەردە ئادەمگە خىيالمۇ بىر خىل تەسەللى ئىكەن. بىراق خىيال دېگەن بەرىبىر خىيال - دە، رېئاللىقىم خىياللىرىم بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلاتتى.

ئۇنى شۇنچىلىك سېغىنىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدىمكى، كېچىلىرى تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ كىرپىك قاقماي چىقاتتىم. شەنبە، يەكشەنبىلەر بولسا مەن ئۈچۈن كۈنلەرنىڭ ئەڭ دەھشەتلىكى ئىدى. بۇ ئىككى كۈننى ئىنتايىن تەسلىكتە توشقۇزاتتىم. ئۆيدە ئولتۇرغۇم كەلمەي ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ ئۇنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ قالاتتىم. ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرەتتىم. قار ياغقان بىر كەچلىكى ئىدى. ئۇنىڭ يورۇپ تۇرغان دېرىزىسىگە يىراقتىن قارىغىنىمچە ئايلىنىپ يۈرەتتىم. خىيالىمدا ئۇ شۇ تاپتا ئاشۇ دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋىتىدا يېتىپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى... مەن تاتلىق خىياللار ئىلكىدە سوغۇقتىن ئۈششۈۋاتقان قوللىرىمنى ھەدەپ ئېغىزىمدا ئىسسىتاتتىم. ھاۋا تۇتۇق بولۇپ يۇلتۇزسىز ئاسماندا يۇمىلاقلىقىنى ياكى يېرىملىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاي تۇمان قېتىدا پىلدىرلايتتى. قار توختاۋسىز ئۇچقۇندايتتى. كىيىملىرىمنى پات - پات قېقىشتۇراتتىم. بىر چاغدا يېنىمدا بىر كىملەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. تېنىم شۈركىنىپ كەت-

تى. تونۇش ئاۋاز! ھايت - ھۇيت دېگەنچە ئايجامال ئانا - بالا يېنىمغا كېلىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇلار بازار تەرەپتىن كېلىۋاتقانىكەن. مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ تۇراتتىم، ئايجامال:

— ۋوي، ئىلياسقۇ بۇ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ - دەپ قالدى. ماڭا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولدى. دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئېغىزىمغا كەلگەن گەپنى دەۋەتتىم:

— بىر دوستۇم ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنىدى، ساقلاۋاتىمەن.

— يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرىپ ئىسسىنىپ چىقىڭ، - دېدى ئۇ، - توڭۇپ كەتكەنسىز.

— شۇنداق قىلسىلا بالام، بۇ يەردە تۇرغىلى خېلى بولغاندەك قىلىدۇ سىزگە، - دېدى ئانىسى مېھرىبانلىق بىلەن ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ. ئەتراپىمدا كىچىككىنە دائىرىدە مېنىڭلا ئاياغ ئىزلىرىمدىن ھاسىل بولغان باش-ئاخىرى يوق يول قار ئوتتۇرىسىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن تېخىمۇ خىجىللىق ئىچىدە:

— رەھمەت، چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بىردەم ساقلاپ باقاي، - دېيەلىدىم.

ئۇلار بىر پەس ئۇنى - بۇنى دەپ بېقىپ مېنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى. مەن قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ مەن تەرەپكە قاراپ سەل تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇم. ئۇ كىرىپ كەتكەن ھامان بەدەر تىكىۋەتتىم، بۇنداق ھادىسىلەردىنمۇ بىر نەچچىسى تەكرارلاندى.

— بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىدا دوستلىرىڭىزنىڭ بارلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلمىغانىتىڭىزغۇ؟ كىم ئۇ دوستىڭىز؟ - دەپ سورىدى ئۇ ئىشخانىغا كەلگەندە.

بۇ سوئالغا تەييارلىقىم بولغاچقا مۇۋاپىق جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭ ئېغىزىنى ھەر ھالدا ئەتتىم. تاپقان باھانەمگە راستىنلا قايىل بولدىمۇ ياكى بىر نېمىنى سەزدىمۇ بۇ سوئالنى قايتا سورىمىدى. پەقەت ئۈششۈتۈمتۇت قارىداپ كەتكەن قۇلاقلىرىمغا ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى تىكىپ ئولتۇرۇپ كەتتى ... ئايجامال چوكانتاللار بىخلىنىشقا باشلىغان باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قۇلىقىمدا گۈلدۈرماممەدەك دەھشەتلىك بىر سۆزنى قىلدى.

— مەن توي قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي ئولتۇرۇپ كەتتىم.

— كىم بىلەن؟ - بىر ھازادىن كېيىن ئارانلا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سورىدىم.

— مەن تونۇمايدىغان بىرسى بىلەن، - دېدى ئۇ ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى كۆزلىرىمدىن قاچۇرۇپ. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەلەملىك چىرايىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇ خىل ھالەتتىكى چىرايىنى بۇرۇن تېخىمۇ كۆرمىگەنىدىم. يۈرىكىم پۇچىلىنىپ كەتتى. ئەھۋالنى بىلىدىغانلاردىن ئۇقۇشۇمچە — ئۇنىڭ ئۆيىگە راستىنلا ئەلچى كىرىپتۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىمىش. بىراق يىگىتنى تونۇمايدىكەن، بۇرۇنلاردا كۆرگەن بولسىمۇ ئەسلا ئارىلىشىپ باقمىغانىكەن. ئاتا- ئانىسى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بوپتۇ، ئۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن خېلى «تالاش قىلىپ» باققان بولسىمۇ ئامال بولماپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا كۆرسەتكۈدەك باھانە - سەۋەب يوقتە.

مېنى تىت-تىتلىق ئەسەر قىلدى. تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ باقتىم. ئۇنىڭ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ھەسرەتلىك چىرايىغا قاراپ نۇرغۇن شېرىن خىياللارنى قىلدىم. يۈرەك سۆزۈمنى مانا دەي، ھېلى دەي، ئەتە چوقۇم دەي بىلەن بىر نەچچە ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاخىر توي تەييارلىقىغا چۈشتى، تويمۇ قىلدى. شۇ كېچىسى قانچىلىك ئازابلانغىنىم بىر ئۆزۈمگە ئايان، ئۇنىڭ ئۆيىگە ناھايىتى تەسلىكتە باردىم. رەسمىيەتنى ئادا قىلىۋېتىپلا قايتىپ كەتمەكچى ئىدىم. بىراق ئۇ مېنى چاقىرتىپتۇ. ئۇنى توي كىيىمى بىلەن كۆرۈش نەقەدەر ئېغىر كېلىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. شۇڭا قايتىپ كېتىۋەرمەكچى بولغانىدىم. گەپ ئېلىپ چىققان قىز مېنى قويۇپ بەرمەي ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. مەن دەرھال كۆزلىرىمنى قاچۇردۇم. ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالمىسام كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. دىماغلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. ئامال بار ئۇنىڭغا قاراپ سېلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپلا ئولتۇردۇم، دوزاخ بولسا شۇنچىلىك بولار! مەن شۇنچىلىك تەسلىكتە ئولتۇردۇمكى، روھى ھالىتىمنى ھازىرمۇ ھەر بىر ئەسكە ئالسام تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ!

مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇزرە ئېيتىپ ياتىقىمغا كېلىپ ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ ئاچچىق ھاراقنى كۆز ياشلىرىم بىلەن قوشۇپ بولۇشىغا ئىچتىم...

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئىشخانىدىن يۆتكىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئەنسۇپ بولۇپ بولغان چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇش ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇلداق ئەلەمنى مېنىڭ نازۇك تەبىئىتىم راستىنلا كۆتۈرۈشكە ئاجىز ئىدى.

رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىپ خوشلىشار چاغدا، ئۇ كۆزلىرىمگە ئەلەملىك بېقىپ تۇرۇپ:

— بۇ بىر تەشتەك گۈلنى ئالغاچ كېتىڭ، خاتىرەم بولۇپ قالسۇن، — دېدى ئۇ يېنىدا كۆچۈرۈپ ئوبدانلا ئايناتقان بىر تەشتەك ئۈجمە گۈلىنى ماڭا سۇنۇپ ۋە قوشۇپ قويدى، — خالىسىڭىز پەرۋىش قىلىپ باراقسانلىتارسىز.

كۆزلىرىمدە مۆلدۈرلەپ تۇرغان ياشنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، چىرايىدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم، قولىدىن تەشتەكنى ئېلىپ بېشىمنى لىڭشىتىپلا خوشلاشتىم...

مەن ئۇ گۈلنى ئۇ كۆتكەندەك ئايىنىتىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن تەشتەكلەرگە كۆچۈرۈپ كۆپەيتتىم. ئىشخانامدىمۇ، ئۆيۈمدىمۇ ئۈجمە گۈللىرى باراقسانلاپ ئۆسكەن تەشتەكلەر رەتلىك تىزىلىپ كەتتى...

مانا، ئوغلۇم چېقىۋەتكەن تەشتەك مەن يىللاردىن بېرى شۇنچە ئاسراپ پەرۋىش قىلىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن بىر تەشتەك گۈل ئىدى. شېرىن ئەسلىمىلىرىمنىڭ، ئاچچىق-چۈچۈك خاتىرىلىرىمنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە مەن ھەر كۈنى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان يېزىق ئۈستىلىمدە ماڭا ئىلھام بەخش ئېتىپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ ئۇ ھەممە گۈللىرىمنىڭ ئانىسى ئىدى...

# «غاپىل» شېئىرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئىزدەش جەريانىدا، باش- ئاخىرى پەرسۇدە بولۇپ كەتكەن «غافىل» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ يېزىپ قالدۇرغان مەسنەۋىيسى تېپىلدى. ئەسەرنىڭ باش - ئاخىرى بولمىغىنى ئۈچۈن شائىرنىڭ ئىسمىم-شەرىپىگە سوز ئېچىشقا ئاجىز كەلدۇق. مۇئەللىپىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنىڭ تېپىلىشىغا يىپ ئۇچى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا ئەسەردىن تاللاپ سۇندۇق.

ناسىھا پەند ئەتمە نادان كورغە،
ساچماغىل دېھقان ئۇرۇغنى شورغە.

ناسىھا نادانغە ئاغزىڭ ئاچماغىل،
تۆھپەلەر ئالدىغە مارجان ساچماغىل.

كىمكى نادانغە نەسىھەتلەر قىلۇر،
كىمەنى قۇم ئۆزرە سۆرگەندەك بولۇر.

جىنۋۇ، دىۋانەئى نادانغە پەند،
بەرمىشىدۇر گۇييا ئاتىمغە قەند.

سۇ ئۆزرە ئايغە تەباھ سۇرمە قەلەم،
ئول خىشتىڭ پايانى يوق بولغاي ئەدەم.

زەرگەر ئالتۇن يۈگۈرۈتمە سۇرمىغە،
غافىل ئۆمرۈڭ خەرەج ئەتمە شەرىيغە.

بەرمەگىل نادانغە ئەي ئالىم سەبەق،
خاتىرەڭ بولغاي مەلۇلۇ ھەم ۋەرەق.

بىلمەگەي نادان نەسىھەت قەدرىنى،
بىلمەگەي كۆزسىز چىراغىنىڭ قەدرىنى.

نادانغە ئۆمر ئۆتتى نادانلىق بىلە،
سەر بەسەر غەپلەتىدە نادانلىق بىلە.

كىمكى نادان بىخەبەر ئۆمر ئۆتكۈرۈر،
نادانى جاھىغە ئۆزنى يەتكۈرۈر.

بەندەسىغە تەڭرىسى قىلغاي ئاتا،
تۈنۈ كۈن ئىچرە باقار يەتمىش قاتا.

بىخەبەرلەرغە خۇدا قىلماس نەزەر،
بىخەبەرلەردىن داۋام قىلغىل ھەزەر.

بىخەبەردۇر ھەر كىشى قىلسا گۇنا،
بىخەبەرلەرغە خۇدا بەرمەس پەنا.

ھەر كىشى ئاگاھ بولۇر قىلغاي نەزەر،
ئىككى ئالەم ئىچرەئول كۆرمەس زەرەر.

ھەر كىشىكىم ھەر زەمان ھۇشياردۇر،
تەڭرىسى ئول بەندەسىگە ياردۇر.

كىمكى ھازىر بولسا رەھمەتلەر ياغار،
كىمكى غافىل بولسا لەئنەتلەر ياغار.

ۋاي ئول خۇش تەبىئەت ئادەمى،
كەلمەگەي ئۆزىگە ئەسلا بىردەمى.

بىر كۆڭۈل بولغىلۇ بىر تۇتقىل كىمە،
ھېچ ئاقىل تۇتماغاي ئىككى كىمە.

ھەر كىشىنىڭ مال پەرزەند بىھېساب،
مالىكى دەۋزەخ ئاڭا قىلغاي ئازاب.

## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن

غافىلا ئۆمۈر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
بىر نەپەسغا قىل بولسا يەتكەي خەتەر.

مەن ئىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شاددىلەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادىلەر.

× ×

ئەي مۆلۈك سورغىل رەئىيەت ھالىنى،
ئۇنس - ئۇلپەتلەر بىلە ھەمراھىنى.

ئول رەئىيەت ھالىدىن ئاگاھ بول،
ئەدلى قىل ئىككى جەھاندا شاھ بول.

ئەي مۆلۈك ئەندىشە قىل بالاۋۇ بەست،
يەتمەگەي مۆلكىڭغە ھەر يەردىن شىكەست.

تولا سۆزلىسە كۆلسە كۆپ ئىززەتتىن تۈشەر،
زۇلمىنى كۆپ قىلسا دۆلەتتىن تۈشەر.

شاھ ئادىل شەھرىغە نىئمەت ياغار،
شاھ زۇلمى شەھرىغە لەئنەت ياغار.

شاھ ئادىل شەرئىنى پەيدا قىلۇر،
شاھ جاھىل فىسقىنى پەيدا قىلۇر.

ئەي مۆلۈك شەرئىدە بول سابىت قەدەم،
يەتمەگەي ئىككى جاھاندا ھېچ غەم.

ئەي مۆلۈك شاھ بول ئەمما مۇتتەقى،
بولغايسەن ئول ئادەم ئىچرە ھەمتەقى.

يوقتۇر شاھقا ئەدلىدىن ياخشى ئەمەل،
شاھقىمۇ لازىم بولۇر چەندان ئەمەل.

ئەي مۆلۈك ھوش بىرلە بول يەتمەس خەلەل،
پۇشىدىن فەھىم ئەيلەگىل يەتمەس ئەجەل.

بىخەبەر ئۆتكەزمە ئۆمرۈڭ ئەي مۆلۈك،
قالماغاي ئۇشبۇ ئالەم ھېچكىم تىرىك.

سەلتەنەت ھەشمەت سۇلايماندەك ئەمەس،
ئۆمۈر ھەم نۇھ، لوقماندەك ئەمەس.

ئەي مۆلۈك قۇللۇقتا ئىبراھىمچە بول،
شاھلىق قىل - سۇلتان ئىبراھىمچە بول.

قىل ئۆزەڭگە ماسىۋەللانى ھارام،
بۇ نەسىھەت ياد ئال ئەي شاھى-ئام.

ئەي مۆلۈك ئۆتكەزمە ئۆمرۈڭ بىخەبەر،
ئاخىرەتنى فىكىر قىل شام-سەھەر.

مەن ئىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شاددىلەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادىلەر.

× ×

ئەي قاياشىم ئىستەسەڭ بولماق ئامان،
ياخشىلىق بىسيار قىل خەلققە ھامان.

بولسە كىمنىڭ ئادەتى جۇدى كەرەم،
ئول خالايىق ئىچرە بولغاي مۆھتەرەم.

ھەر كىشى ئىش ئاخىرىنى كۆزلەمەس،
ئول كىشىلەرنىڭ كۆزىنى كۆز دېمەس.

ئەي بۇرادەر ئۆزنى، ئابىد ئەيلەگىل،
جەھىد ئىلە بۇ باشنى ساجىد ئەيلەگىل.

ھەم سەۋاپ ئەيلەر كىشى ھەممە ئىسيەت،
نە تەرسە ئۇرغاي ئانى ئول ئاقىبەت.

كىمكى گەردۇن كەش دۇش تاراج ئېتەر،
بەلكى ئانى شەھرىدىن ئىخراج ئېتەر.

دۇشمەنى كۆپ بولسا بىلگىل دام كۆپ،
مالى كۆپ بولسا بولۇر ئىسيانى كۆپ.

كىم ھەسەت قىلسا قانائەت ئاندا يوق،
كىم تاما قىلسا ھالاۋەت ئاندا يوق.

نەچچە ئىشلاردىن جەفا بولغاي ساڭا،
نەچچە ئىشلاردىن ۋەفا بولغاي ساڭا.

بىۋەفالاردىن ۋەفا كۆز تۇتماغىل،
شاد دىللاردىن ۋەفا كۆز تۇتماغىل.

بولسەئى كىمدە ھايا ئول بىشەرمەندۇر،
يۈزى ئانىڭ گويىيا بىچەرمەدۇر.

بىھايالاردىن ۋەفا كۆز تۇتقانىڭ،
گويىيا ئاغزىڭدا ئوتنى يۇتقانىڭ.

تىپىلىغە، مەجنۇنغە سەن تاش ئاتماغىل،
بىۋەفالارغە سىرىڭ فاش ئەتمەگىل.

قەرز خەلقنى قىلغايسەن ئەۋۋەل ئادا،
قەرز ھەقنى قىلغايسەن ئاندىن بىكا.

ئاچچىغىڭنى يۇتقايسەن پىرۇ - جۇۋان،
كىم يۇتار ئاچچىغىنى ئول بولغاي ئامان.

ئول ھاۋايۇ نەپسىدىن بولغىل يىراق،
ئەمدى تەرك ئەيلەپ ئانى قىلغىل تالاق.

غافىلا ئۆمىر ئۆتتى دايىم بىخەبەر،
قىل ئىبادەت تەڭرىگە شامۇ - سەھەر.

مەن نىچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادىلەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي ئازادىلەر.

ئەي قاياشىم ئىستە ئالىم سۆھبەتىن،
جان - كۆڭلۈڭ بىرلە قىلغىل خىزمەتىن.

سۆھبەتى ئالىم كۆڭۈلكى زەر ئېتەر،
ئەۋۋەلا ھەق بۇيرۇغانىنى تېز ئېتەر.

پەند - ئالىم كىشى ئىززەتلىك بولۇر،
كىمكى ئەمەل قىلسا جەننەتلىغ بولۇر.

پەند - ئالىم ھەر قارا ئۆيگە چىراغ،
بىلمەيىن قىلغان ئەمەل بولماس بۇراغ.

ھەر كىشىنىڭ كى بېھىشتىغە مەيلى بار،
سۆھبەتى ئالىمنى قىلغىل ئىختىيار.

ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا ناسىھىدۇر،
ئەمرىنى قىلغاي كىشى سالىھىدۇ.

ئەھلى فاسىق ئىچرە ئالىم خاردۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزاردۇر.

ئەھلى ئالىم نايىبى پەيغەمبىران،
ئەيلەدى بۇ سۆزنى ئول ساھىپقىران.

ھەر كىشى ئالىمغە يەتكۈزسە زەرەر،
سالغۇسى تەڭرىم ئانى نارۇ سەقەر.

كىمكى كۆرسە ئەھلى ئالىمنى ھەقىر،
ئول كىشىنىڭ بىگۇمان ئۆمرى كەمىر.

ھەر كىشى ئالىمغە كۈلپەت قىلماغاي،
كىمكى قىلسا تەڭرى رەھمەت قىلماغاي.

گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئېتەر،
تەڭرى ئانى بىگۇمان ئازاد ئېتەر.

پەند - ئالىم كورغە گويا ھاسا،
روھىغە ھەم بولغۇسىدۇر ھەم غىزا.

ھېچ لەززەت ئىلىمدىن خۇشتەر ئەمەس،
ئىلىمسىزلەر خەلقئارا بىھتەر ئەمەس.

ئىلىمسىزلەر خەلقئارا ئادەم ئەمەس،
ئىلىمسىز ئىككى جەھان مەھرەم ئەمەس.

ئىلىمدىن ئۇلىما بولغالى يېقىن،
ئىلىمسىز ئەئمال سىز بولغاي لەئىن.

ھەر دىيارنىڭ چىراغى ئالىمى،
ھەر قارا تۈننىڭ كى ماھى ئالىمى.

ئىلمى بىرلە سەير ئېتەر ئەرش ئەلا،
ھەم پەلەك ھەم يەرۇ تەھتەسسەرا.

ئىلىم بىر ئاتدۇكى خۇش رەپتارلىغ،
كىمكى مەركەب بولسا كۆرمەس خارلىغ.

ئىككى قىسمى ئادەمى ھۆرمەتدەدۇر،
مۇندىن ئۆزگە بارچەسى ھەسرەتدەدۇر.

ئىستەسە ئىلىمنى ھەم قىلسا ئەمەل،
كۆڭلىگە ئىككى جەھان يەتمەس خەلەل.

ھەر كىشىنىڭ ئىلمى يوق ھايۋانىدۇر،
قىلغان ھەر فىئلى ئانىڭ ئىسيانىدۇر.


ئىلىمغە قىل ئەي قاياش ئۆمرۈڭنى سەرپ،
بىھتەر ئالغىل ئىلىمدىن بىر نەچچە ھەرپ.

ئىلمەسىز ئۆتكەزمە ئۆمرى خاس ئام،
تېز تۈن قىلغىل تۈن كۈن دەۋام.

غافىلا ئۆمر ئۆتتى دايىم بىخەبەر،
ئىلىمسىز ئەئمالىمىز تاپقاي زەرەر،

مەن نىچوك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادىلەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادىلەر.

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى



**تەنها لەق**

مەتتوختی بارات فوتوسی



سەھنىگە چىقىش ئالدىدا


# 新 玉 文 艺　　يېڭى قاشتېشى
## NEW JADE LITERATURE

一九九七年　(双 月 刊)
编 辑:〈新 玉 文 艺〉编 辑 部
出 版:和 田 行 署 文 化 处
喀 什 日 报 社 印 刷 厂 印
发 行:和 田 地 区 邮 电 局
订 阅:全 国 各 地 邮 电 局
印 张:787×1092,1/16,6.125 张
国 内 外 统 一 刊 号:
ISSN1002－929X　CN65－1088/1
代号:58－26

1997 - يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 787×1092مم، 1/16، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929 X　CN 65 — 1088/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 — 26

定价:1.20 元,电话:2023792: باھاسى: 1.20 يۈەن، تېلېفون نومۇرى